# شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى

新疆社会科学研究

(ئىچكى ژۇرنال)

ئومۇمىي 76 - سان

4

1989

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى

新 疆 维 吾 尔 自 治 区 社 会 科 学 院

www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

مەشھۇر جۇڭگوشۇناس بىچۇرىننىڭ ھاياتى ۋە ئۇنىڭ پائالىيىتى ........
ئۇيغۇر سايرانى ................ ................................ 1

10 ـ ئەسىردە ئۇيغۇرلاردىكى ھاكىمىيەت چۈشەنچىسىگە بىر نەزەر ........
ۋەلى ........................................................ 6

شياڭگاڭ، تەيۋەنلەرنىڭ شىنجاڭ ھازىرقى زامان تارىخىنى تەتقىق قىلىش
ئەھۋالى ................................................ ۋاڭ داگاڭ 13

دولان تارىخىغا دائىر ئىككى مەسىلە توغرىسىدا ........ مۇھەممەت ئوسمان 25

يەركەن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خانلىرى ................ يۈسۈپجان ياسىن 32

ھازىرقى زامان رەھبەرلىك سەنئىتى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە ........
ئېلى قاسىم ................................................ 37

مەسئۇل مۇھەررىر: ئابلەت نۇردۇن

# مەشھۇر جۇڭگوشۇناس بىچۇرىننىڭ ھاياتى ۋە ئۇنىڭ ئىلمىي پائالىيىتى

ئۇيغۇر سايرانى ھەبىبۇللا خوجا

ن. بىچۇرىن XIX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئۆتكەن رۇسىيىلىك مەشھۇر جۇڭگوشۇناس- شەرقشۇناستۇر. بىچۇرىن جۇڭگودا 14 يىل تۇرغان، بۇ جەرياندا، جۇڭگونىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى ئۈستىدە، خەنزۇ تىلى ئۈستىدە چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان. جۇڭگودىكى بەزى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى ئۈستىدىمۇ كۆپ تەتقىقات ئېلىپ بارغان. بىچۇرىننىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيادا قەدىمكى زامانلاردا ياشىغان خەلقلەر توغرىسىدىكى مەلۇماتلار توپلىمى» دېگەن ئەسىرىدە قەدىمكى ھۇنلار، ئۇيغۇرلار، تۈركلەر، جۇجانلار ۋە باشقا قەدىمكى خەلقلەر توغرىسىدا نۇرغۇن مەلۇماتلارنى بىچۇرىن جۇڭگونىڭ «24 تارىخى» دىن تەرجىمە قىلغان ۋە ئۇنى تەتقىق قىلىپ، ئۆزىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭمۇ مۇناسىۋەتلىك يەرلىرىدە ئىزاھلاپ چۈشەندۈرگەن. بىچۇرىن XIX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىلا ئۇيغۇرلار ئۈستىدە ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا كىرىشىپ، «تاڭنامە»، «ۋېي سۇلالىسى تارىخى»، «ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئۈرنەكلىرى» دىكى ئۇيغۇرلارغا دائىر ماتېرىياللارنى رۇسچىغا تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلغان. بۇ ئەسەرلەر رۇس تىلىدىن فرانسۇز، نېمىس ۋە باشقا ياۋروپا تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان.

بىچۇرىن 1777 - يىلى 29 - ئاۋغۇستتا قازان ئۆلكىسىنىڭ چىباكسار ناھىيىسىدىكى بىچۇرىن يېزىسىدا بىر كەمبەغەل دىندار ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئاتىسى شۇ يېزىدىكى چىركاۋنىڭ مايزىنى بولغان. باشقىلار ئۇنى ياكوۋ دىياچوك (ياقۇپ مايزىن) دەپ ئاتىغان. ئۇ، ئائىلىسى نامرات بولغاچقا فامىلىسىنىمۇ ئىشلەتمىگەن. بىچۇرىننىڭ كىچىك چاغدىكى ئىسمى نىكىتا ئىدى. نىكىتا سەككىز ياشقا تولغاندا سىۋىيەژىسك شەھىرىدىكى نوتا بىلەن ناخشا ئۆگىتىش مەكتىپىگە، 1785 - يىلى قازان شەھىرىدىكى دىنىي ئۆلىمالارنى تەربىيىلەش مەكتىپىگە كىرگەن ۋە ئوقۇش جەريانىدا ئۆزى تۇغۇلغان بىچۇرىن دېگەن يېزىنىڭ نامىنى ئۆزىگە فامىلە قىلىۋالغان. 1799 - يىلى بىچۇرىن مەكتەپنى

ئەلا دەرىجىدە تۈگەتتى ۋە دىنىي ئۇنۋانغا ئېرىشتى. 1800 - يىلى، ئۇ ئۆزى ئوقۇپ چىققان مەكتەپكە تىل ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ دەرس ئۆتتى. كېيىن بۇ مەكتەپ دىنىي ئاكادېمىيىگە ئۆزگەرتىلدى. 1802 - يىلى بىچۇرىن ماناخ (راھىب) لىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى ۋە ئىركۇتسكى شەھىرىدىكى بىر ئىبادەتخانىغا ئارخىماندىرىت ۋەزىپىسىگە قويۇلدى ۋە شۇ يەردىكى دىنىي مەكتەپنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۆتەيدۇ. بىچۇرىننىڭ بۇ ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى بىر يىلدىن ئاشمايدۇ. بىچۇرىن دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان بىلەن دىنغا ئىشەنمەيدىغان ئادەم بولۇپ چىقىدۇ. شۇڭلاشقا ئىبادەتخانىدىكى دىنىي تۈزۈملەرگە رىئايە قىلمايدۇ. شۇ ۋەجىدىن، باشقا دىنىي زاتلار بىلەن توقۇنۇشۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلار بىچۇرىننى توبولسك شەھىرىگە سۈرگۈن قىلىدۇ. بىچۇرىن ئۇ يەردە تىل دەرسى ئۆتىدۇ.

شۇ چاغلاردا روسىيىدىكى خىرىستىئان مۇرىتلىرىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك دىنىي ئورۇنلىرى جۇڭگوغا دىنىي خىزمەت ئىشلەشكە مىسسىئونېرلار ئۆمەكلىرىنى ئەۋەتىپ تۇراتتى. 9 - قېتىملىق مىسسىئونېرلار ئۆمىكىگە بىچۇرىن باشلىق بولۇپ بېيجىڭغا كېلىدۇ ۋە بېيجىڭدىكى سېرېتېنسكىي چېركاۋىغا ئارخىماندىرىت قىلىپ تەيىنلىنىدۇ. 1807 - يىلى 17 - سېنتەبىردە بىچۇرىن كىياختا شەھىرىدىن يولغا چىقىپ 1808 - يىلى 18 - يانۋاردا بېيجىڭغا يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ بېيجىڭغا كەلگەندىن كېيىن دىنىي ئىشلارنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئىلمىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا كىرىشىدۇ. بىچۇرىن ئادەم ھەيران قالارلىق تىرىشچانلىق بىلەن خەنزۇچە ئۆگىنىدۇ. ئۆگىنىش جەريانىدا، ئۇ خەنزۇچە - رۇسچە لۇغەت تۈزىدۇ. بىچۇرىن چوڭ ھەجىملىك بۇ لۇغەتنى 4 قېتىم كۆچۈرۈپ چىقىدۇ. لۇغەت تۈزۈش بىچۇرىننىڭ ئۆز ئالدىغا قويغان بىردىنبىر ۋەزىپىسى ئەمەس ئىدى. ئۇ يەنە جۇڭگونىڭ قىممەتلىك تارىخىي كىتابلىرىنى تەرجىمە قىلىش ۋە تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇنىڭ روسىيىگە قايتقاندىن كېيىن نەشر قىلىنغان بارلىق ئاساسىي ئەسەرلىرى مانا شۇ يىللاردا ھازىرلانغان ۋە ئۇ ئەسەرلەرگە تېگىشلىك ماتېرىياللار توپلانغان ئىدى. مانا شۇنداق ئىلمىي خىزمەت بىلەن مەشغۇل بولۇپ كەتكەچكە، ئۇ ئادەتتە ئۆزىگە بۇيرۇلغان دىنىي خىزمەتكە دائىر ئىشلارغا ئانچە ئېتىبار بېرىپ كەتمەيدى. 1821 - يىلى، بىچۇرىننىڭ ئورنىغا دىنىي خىزمەت بىلەن كەلگەن كامىنسكىي دېگەن كىشى يۇقىرىغا بىچۇرىننى يامانلاپ قارا ماتېرىيال يوللىدى. بىچۇرىن ئىشلىرىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، پېتېربۇرگ شەھىرىگە قايتىپ كەلگەندە، پادىشاھ

ھۆكۈمىتى ئۇنى ۋەزىپىسىنى ئۆبدان ئورۇنلىمىغان دەپ ۋاك كامىسكىي دېگەن يەردىكى ماناستىرغا 4 يىللىق مۇددەت بىلەن سۈرگۈن قىلىدۇ.

بىچۇرىننىڭ بېيجىڭدا توپلىغان جەمئىي ئېغىرلىقى 400 پۇت (6400 كىلوگرام) كېلىدىغان ئەڭ قىممەتلىك كىتابلىرى 15 تۆگىگە يۈكلەندى. سۈرگۈندە بىچۇرىن مانا شۇ قىممەتلىك كىتابلارنى تەرجىمە قىلىش بىلەن بەنت بولدى، ئۆزى يازغان ماتېرىياللارنى پىششىقلاپ ئىشلىدى.

بىچۇرىننىڭ خەنزۇچىنى ئۆبدان بىلىشى ئۇنى سۈرگۈن ئازابىدىن قۇتقازدى. روسىيىنىڭ خارجى ئىشلار مىنىستىرلىكى خەنزۇچىنى ئۆبدان بىلىدىغان ئادەملەرگە مۆھتاج بولغاچقا، 1826-يىلى پادىشاھ نىكولاي I بىچۇرىننى خارجى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ئاسىيا مەھكىمىسىگە خىزمەتكە تەيىنلىدى. بىچۇرىن بۇ خىزمەتكىمۇ ئانچە كۆپ ئەھمىيەت بېرىپ كەتمەي، يەنىلا ئۆزىنىڭ ئىلمىي خىزمىتى بىلەن مەشغۇل بولىدۇ.

1828 - يىلى بىچۇرىننىڭ «موڭغۇلىيە خاتىرىلىرى» دېگەن كىتابى نەشىردىن چىقىدۇ. بىچۇرىن يەنە 1828 - 30 يىللار ئارىلىقىدا ئالتە پارچە كىتابىنى نەشىردىن چىقاردى، نۇرغۇن ماقالىلەرنى يېزىپ، «شىمال ئارخىپى»، «موسكۋا تېلېگراممىسى»، «موسكۋالىقلار»، «ۋەتەن ئوغۇللىرى»، «ۋەتەن خاتىرىلىرى» قاتارلىق ژۇرناللاردا ئېلان قىلدى.

1830 - يىلى بىچۇرىن خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن ئارقا بايقال (زابايكال) رايونىغا باردى. بۇ سەپەردە ئۇ نۇرغۇنلىغان تىبەتچە، موڭغۇلچە كىتاب-ماتېرىياللارنى، لاما دىنىنىڭ بىر يۈرۈش چوڭ - كىچىك بۇت - بۇرخانلىرىنى يىغىپ كېلىدۇ. مەزكۇر يادىكارلىقلار ھازىر مىكلوخا - ماكلاي نامىدىكى ئېتنوگرافىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇزېيىدا، كىتاب - ماتېرىياللار بولسا شەرقشۇناسلىق تەتقىقاتى ئورنىدا ساقلانماقتا.

1835—1837 - يىللاردا، بىچۇرىن 2 - قېتىم كياختا شەھىرىگە كېلىپ، ئۇ يەردە خەنزۇچە مەكتەپ ئاچىدۇ. بۇ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارغا دەرسلىك سۈپىتىدە «خەنزۇ تىلى گراماتىكىسى» نى يېزىپ چىقىدۇ. بۇ كىتاب «دېمىدوۋا مۇكاپاتى» غا سازاۋەر بولىدۇ.

1837 - يىلى بىچۇرىن كياختا شەھىرىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن پېتېربۇرگ شەھىرىدە ئىلمىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. مانا شۇ چاغلاردا بىچۇرىننىڭ پوبلىستىكىلىق ئەدەبىي پائالىيىتى باشلىنىدۇ. شۇ چاغدا، ئۇ جەمئىيەتتە يۈز بەرگەن چوڭراق ۋەقەلەرنى دىققەت بىلەن كۆزىتىدۇ ۋە گېزىت - ژۇرناللاردا بۇ ۋەقە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لەرگىنە نىسبەتەن ئۆز پوزىتسىيىسىنى بىلدۈردى. بېچۇرىن ئۆز زامانىسىنىڭ ئىلغار تارىخچى شەخسلىرى، ئەدىبلىرى بىلەن، جۈملىدىن پۇشكىن بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورناتتى. پۇشكىن بېچۇرىننىڭ «جۇڭغارىيە تەزكىرىسى»، «بېيجىڭ تەزكىرىسى»، «تىبەت ۋە كۆكنۇر تارىخى» دېگەن ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ چىققان. بېچۇرىن، ئىلغار دوستلىرىنىڭ تەسىرى بىلەن ئۆزىگە دىنىي مەكتەپ تۈگەتكەندە بېرىلگەن دىنىي ئۇنۋانلارنى بىكار قىلىش توغرىسىدا ئىلتىماس سۇندى. خارجى ئىشلار مىنىستىرلىكى بېچۇرىننىڭ بۇ ئىلتىماسىغا قوشۇلدى. ئەمما بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تاپقان پادىشاھ نىكولاي I بېچۇرىننى خەۋپلىك ئادەم دەپ ھېسابلاپ، ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى رەت قىلدى ۋە ئۆمۈرۋايەت ماناخ سۈپىتىدە پېتىربۇرگتىكى چوڭ بىر ماناستىرنىڭ بىر كىشىلىك ھۇجرىسىدا تۇردۇرۇشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇ ئەمەلىيەتتە بېچۇرىن ئۈستىدىن نازارەت قىلىشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن قوللانغان چارىلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ شۇ يىللاردا روسىيە بويىچە چىقىدىغان 20 دىن ئارتۇق ژۇرنالنىڭ تەھرىر بۆلۈملىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئىلغار مەزمۇندىكى ماقالىلەرنى يېزىپ تۇراتتى. ژۇرناللارمۇ بېچۇرىننىڭ ئەمگەكلىرىگە يۇقىرى ئورۇن بېرىپ، ئۇنى ۋە ئۇنىڭ ئەمگەكلىرىنى كەڭ خەلققە تونۇشتۇرۇپ تۇراتتى. بېچۇرىننىڭ مانا مۇشۇ ھەرىكىتى پادىشاھقا ياقماي قالغانىدى.

1844 - يىلىدىن باشلاپ، بېچۇرىننىڭ سالامەتلىكى ناچارلاشتى. ئۇنىڭ ئالىملار، ئەدىبلەر ۋە ئەل ئاغىنىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئازىيىشقا باشلايدۇ. ئۇ خارجى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ئاسىيا مەھكىمىسىدىكى خىزمىتىگىمۇ بارالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. سالامەتلىكىنىڭ كۈنسېرى ئاجىزلىشىۋاتقانلىقىنى سېزىۋاتقان بېچۇرىن شەخسىي كۇتۇپخانىسىدىكى قىممەتلىك كىتابلىرىنى قازان شەھىرىدىكى بۇرۇن ئۆزى ئوقۇغان دىنىي مەكتەپكە، يەنى كېيىن دىنىي ئاكادېمىيە قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن ئورۇننىڭ كۇتۇپخانىسىغا سوۋغا قىلىدۇ.

1846 - يىلى روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى بېچۇرىنغا «مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ تارىخى» نى يېزىپ چىقىشنى تاپشۇردى. ئۇ بۇ ئەسەرنى 1848- يىلى يېزىپ تاماملايدۇ. 1851 - يىلى ئۈچ توملۇق كىتاب «ئوتتۇرا ئاسىيادا قەدىمكى زامانلاردا ياشىغان خەلقلەر توغرىسىدىكى مەلۇماتلار توپلىمى» دېگەن نام بىلەن نەشىردىن چىقىدۇ.

بېچۇرىن 1853 - يىلى 5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئەتىگەن سائەت 5.00 دە پېتىربۇرگ شەھىرىدىكى چوڭ ماناستىرنىڭ ھۇجرىسىدا ئالەمدىن ئۆتىدۇ. 12-

كۈنى ئىبادەتخانىدا بېغىدا دەپنە قىلىندۇ. قەبرە تېشىغا خەنزۇچە: «نامۇ-شەرەپ-پىنى مەڭگۈلەشتۈرگەن تارىخىي ئەسەرلەر ئۇستىدە تىنىم تاپماي ئىشلىگەن» دېگەن خەت ئويۇلىدۇ.

1828 - يىلى 17 - دېكابىردا ئۇ رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇخبىر ئەزالىقىغا سايلانغان. ئالىملار ۋە بەزى ژۇرناللارنىڭ تەھرىربۆلۈملىرى بىچۇرىننىغا يۇقىرى باھا بەرگەن. مەسىلەن، «ۋەتەن ئوغۇللىرى» ژۇرنىلى: «بىچۇرىن جۇڭ-گونى تەتقىق قىلىشتا تامامەن يېڭى يول ئېچىپ بەرگەن، پۈتكۈل ياۋروپا ئالىم-لىرىغا مەشھۇر، ئىززەت - ھۆرمەتكە سازاۋەر جۇڭگوشۇناس (سىنولوگ) ئىدى» دەپ يازغان. چەت ئەللەردىمۇ بىچۇرىن ئەسەرلىرىنىڭ، بىچورىننىڭ ئىناۋىتى يۇقىرى ئىدى. بىچۇرىن 1831 - يىلى پارىژدىكى ئاسىيانى تەتقىق قىلىش جەمئىي-يىتىگە ئەزا بولۇپ سايلاندى. بىچۇرىننىڭ بىرمۇنچە ئەسەرلىرى چەت ئەل تىللىرىغا تەرجىمە قىلىندى، ئالايلۇق، 1832 - يىلى «موڭغۇلىيە خاتىرىلىرى» ناملىق ئەسىرى فرانسۇز تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىندى. يۇ. كلاپروت «تىبەت تەزكىرىسى» نى 1829 — 1830 - يىللاردا فرانسۇزتىلىغا تەرجىمە قىلدى. «جۇڭغارىيە تەزكىرىسى» نېمىس تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ بېسىلدى. «بېيجىڭ تەزكىرىسى» فرانسۇز تىلىغا تەرجىمە قىلىندى. بىچۇرىن ئەسەرلىرىنى تونۇش-تۇرۇپ يازغان كىتابلارمۇ كۆپ بېسىلدى.

ئەنگلىيىنىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى، تەرجىمان، تىلشۇناس جوج باررۇ 1833—1835 - يىللاردا پېتىربۇرگدا تۇرغان مەزگىللىرىدە بىچۇرىندىن خەنزۇچە ئۆگەنگەن. بىچۇرىن ياۋروپالىقلارنىڭ جۇڭگوغا قىلغان تاجاۋۇزىغا (ئەنگلىيىنىڭ قوزغىغان ئەپيۇن ئۇرۇشىغا) قاتتىق نەپرەتلىنىپ، جۇڭگونى قوغداپ ئوتتۇرىغا چىققان. ئۇ ياۋروپالىقلارجۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلماي، «جۇڭگودىن ئۆگىنىشى كېرەك، ئۇلارنىڭ جۇڭگودىن ئۆگىنىدىغان نەرسىلىرى كۆپ» دەپ كۆرسەتكەن.

بىچۇرىن بۈيۈك ۋەتەنپەرۋەر ئىدى. ئۇ قەدىمكى تىللاردىن يۇنان، لاتىن تىللىرىنى ياخشى بىلەتتى، فرانسۇز، نېمىس تىللىرىنى پۇختا بىلەتتى، 60 ياشقا كىرگەندە، موڭغۇل، تۈرك تىللىرىنى ئۆگىنىپ تەتقىق قىلغان. لېكىن ئۇ ئەسەر-لىرىنى ئۆزىنىڭ ئانا تىلى—رۇس تىلىدا يازغان. شۇ چاغلاردا بەزىلەر بىچۇرىن بىلەن دۈشمەنلىشىپ، بىچۇرىن نېمىشقا ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىنى فرانسۇز ياكى ئىنگلىز تىلىدا يازمايدۇ، دەپ ئەيىبلىگەن. بىچۇرىن بۇلارغا پىسەنت قىلمىغان. ئاق - قارىنى پەرق ئەتمەي، قارىغۇلارچە «چەت ئەل مەدەنىيىتى» گە، يوقىلاڭ

(داۋامى 7 - بەتتە)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 10 — ئەسىردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھاكىمىيەت چۈشەنچىسىگە بىر نەزەر

ۋەلى

شىنجاڭ تارىختىكى چوڭ مەدەنىيەت — قەدىمكى يۇنان - رىم مەدەنىيىتى، قەدىمكى ھىندى مەدەنىيىتى، قەدىمكى جۇڭگو مەدەنىيىتى ۋە ئۈچ چوڭ دىن — بۇددا دىنى، خرىستىيان دىنى، ئىسلام دىنىنىڭ ئۇچراشقان تۈگۈنى غەربىي يۇرتقا جايلاشقان. ھالبۇكى، شۇ چاغلاردا «برۇنزا يولى»، «شاھرايى ئەبرىشىم»، «كارۋان بۇيۇك» دەپ ئاتالغان، XIX ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدا گېرمانىيىلىك سەيياھ رىچت. خوفېن تەرىپىدىن «يىپەك يولى» دەپ ئاتالغان بۇيۇك كارۋان يولى دەل مۇشۇ ئۈچ چوڭ مەدەنىيەت، ئۈچ چوڭ دىنىنىڭ شەرق بىلەن غەربكە تارقىلىشىدىكى بىردىنبىر يول ئىدى.

ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى جايلاشقان مۇشۇنداق ئەپلىك جۇغراپىيىلىك شارائىتتىن پايدىلىنىپ، شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدە رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلدى.

مىلادى 646- يىلىدىن 840 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئورخۇن دەرياسى بويىدىكى ئۆتۈكەن رايونىدا ئوردۇبالىقنى پايتەخت قىلغان بۇيۇك ئورخۇن ئۇيغۇر دۆلىتى بىلەن تۇرپان - بېشبالىق ئۇيغۇر ئىدىقۇتلۇقى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت تارىخىدا شانلىق سەھىپىلەرنى ياراتقانىدى. ئۇيغۇرلار ئورخۇن ئۇيغۇر دۆلىتى بىلەن تۇرپان ئۇيغۇر ئىدىقۇتلىقى مەزگىلىدىلا قۇللۇق تۈزۈمىدىن فېئوداللىق تۈزۈمگە كۆچۈشتەك زور ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنى ئاساسەن تاماملىغان. سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي ۋە ئىدېئولوگىيە، پەلسەپە، قانۇن، ئەخلاق قاتارلىق جەھەتلەردە پىشىپ يېتىلگەن، ئەتراپلىق، تولۇق تەرەققىي قىلغانىدى، كېيىنكى فېئوداللىق جەمئىيەتتە بارلىققا كەلگەن مەرىپەت ئويغىنىشى ئۈچۈن مۇستەھكەم ئاساس سالغانىدى.

IX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا بالاساغۇن بىلەن قەشقەرنى پايتەخت قىلىپ قۇرۇلغان قاراخانىلار دۆلىتى ئورخۇن - ئۇيغۇر دۆلىتى بىلەن تۇرپان ئۇيغۇر ئىدىقۇتلۇقىنىڭ داۋاملىشىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قاراخانىلار دۆلىتى غەربىي يۇرتتا قۇرۇلغان مۇسۇلمان ئۇيغۇر دۆلىتى ئىدى. ھالبۇكى، ئۆز

ۋاقىتتا ئۇيغۇرلار تەركىبىدىكى «قارا ياغما» لار كېيىنكى چاغلاردا قەشقەر، قاراخانىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق تەبىقىسىگە مەنسۇپ كىشىلەر ئىدى. بۇ دۆلەت ھۆكۈم سۈرگەن دەۋردە، غەربىي يۇرتىمىزدىكى تۈركىي تىلدىكى خەلقلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلىپ، ئىسلام مەدەنىيىتى دائىرىسىگە كىردى. تارىختا پارلاق غەربىي يۇرت بۇددىزم مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلغان ئۇيغۇرلار قاراخانىلار دەۋرىگە كەلگەندە ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن ئۇچراشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلار تارىخىدا «ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتى» دەپ ئاتالغان تارىخىي تەرەققىيات دەۋرى باشلاندى. شۇ سەۋەبتىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ھاكىمىيەت چۈشەنچىسى، ئومۇمىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇنتەزىل ھاكىمىيەت چۈشەنچىلىرىنىڭ داۋامىدۇر. باشقىچە قىلىپ ئېيتساق، قاراخانىلار XI ئەسىردە ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن يۈكسەك سىياسىي ۋە مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەر ئىكەنلىكى ھەممە ئېتىراپ قىلغان ھەقىقەتتۇر.

قاراخانىلار ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئابباسىيلار ۋە سامانىيلارنىڭ بەزى ئەنئەنىلىرى، ھەتتا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ بەزى ئەنئەنىلىرىدىكى مۇھىم ئامىللارنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىش ئارقىلىق مەيدانغا كەلگۈرگەن يۈكسەك مەدەنىيەتنى دەل ئەنە شۇ ئۇيغۇر ئۇلى ۋە تەجرىبىسى ئۈستىگە قۇرغانىدى. ئىسلامىيەتنىڭ تۇرپان - بېشبالىق ئۇيغۇر ئىدىقۇتلىقىغا تارقالغانلىقى قاراخانىلارنىڭ تارىم ئويمانلىقى بويىدىكى يەكەن، كۇچا، خوتەن ۋە باشقا ئۇيغۇر شەھەرلىرىنى پەتھ قىلغاندىن كېيىن يۈز بەرگەن ھادىسىدۇر. دېمەك، بۈگۈنكى شىنجاڭ ئۇيغۇر

---

نەرسىلەرگە ئېرىشىلىۋالماسلىق كېرەك، دەپ كۆرسەتكەن.

بىچۇرىننىڭ تەرجىمە ئەسەرلىرى ھەجمىنىڭ كۆپلۈكى، تەرجىمىسىنىڭ ئېنىق، سۈپەتلىكلىكى جەھەتتىن ئەينى چاغدا روسىيە بويىچە 1-ئورۇندا تۇراتتى. شۇڭلاشقا بىچۇرىندىن كېيىن تەتقىقات ئىشلىرىغا ئارىلاشقان رۇس ئالىملىرى ۋ. گرىگورىيېۋ، ۋ. رادلوف، ن. ۋ. ۋېسىلوۋىسكىي، ۋ. بارتولد، ك. ئىنوستىرانسېۋ، گرۇم - گرژىمايلو قاتارلىقلار ئۆزلىرىنىڭ تەتقىقاتلىرىدا بىچۇرىننىڭ تەرجىمىسىنى ئاساس قىلغان. بىچۇرىن جۇڭگونىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل مەركىزىي ئاسىيانى، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى روسىيە بويىچە باشقىلاردىن ئىلگىرى تەتقىق قىلىشقا كىرىشكەن. لياڭ سۇلالىسى تارىخىنى تۇنجى قېتىم تەرجىمە قىلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاپتونوم رايوندا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشىمۇ دەل ئەنە شۇ قاراخانىيلارنىڭ تارىخى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىكتۇر.

تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا، قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ تارىخى ھەققىدە پەقەت X ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلاپ بەزى مۇھىم مەلۇماتلار بېرىلىشكە باشلىغان. بۇغرا قاراخان ھارۇن بىن مۇسا مىلادى 992 - يىلى ماۋرا ئۇننەھرنى ئالغاندىن كېيىن ۋە 999 - يىلى سامانىيلار دۆلىتى ئېلىكخان ناسىر بىن ئەلى تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنغاندىن كېيىن، ئىسلام تارىخچىلىرى بولۇپمۇ غەزنەۋىيلەر دۆلىتىنىڭ تارىخچىلىرى قاراخانىلارنىڭ غەربىي قىسمى ھەققىدە خېلىلا ئەتراپلىق مەلۇمات بېرىشكە باشلىدى. بولۇپمۇ XI ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا يېزىلغان ئىككى يىرىك ئەسەر: «قۇتادغۇ بىلىك» ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا قاراخانىلارنىڭ مەدەنىيەت ھاياتى، مەمۇرىي ۋە ھەربىي تەشكىلاتى ھەققىدىمۇ خېلى قىممەتلىك مەلۇماتلار بېرىلدى. ئەگەر بىز بۇ مەلۇماتلارنى ئەينى دەۋرگە ئائىت ۋە سىقلەر، مەھكىمە خاتىرىلىرى، يەر سېتىش ھۆججەتلىرىگە ئوخشاش ماتېرىياللارنى ئاساس قىلغان ھالدا باشقا مەنبەلەر بىلەن، مەسىلەن، سەلچۇقلار دۆلىتىنىڭ مەشھۇر ۋەزىرى نىزامۇلمۈلكنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «سىياسەتنامە» قاتارلىق باشقا مەنبەلەر بىلەن تولۇقلىساق ۋە بېكىتسەك، قاراخانىلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى ھەققىدىكى بەزى ئۆزگىرىشلەرنى بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايمىز. XI ئەسىردە قاراخانىلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى ھەققىدە يېزىلغان مەلۇماتلارنىڭ كۆپچىلىكى شۇ ئەسىرنىڭ يېرىمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، چۈنكى قاراخانىلارنىڭ دۆلەت گەۋدىسىنى تەشكىل قىلغان ياغما، قارلۇق، چىگىل ۋە توخسى ... لارغا ئوخشاش ئۇيغۇر قوۋملىرى ئىسلامىيەتنىڭ ئىدارە قىلىش ئۇسۇلى بىلەن ئادەتلىرىنىڭ ئۆزىگە يېتەرلىك دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەنلىكىگە قارىماستىن، رىچىلىق ئۇسۇللىرىنى ۋە ئەنئەنىلىرىنى ساقلاپ قالغانىدى.

قاراخانىلار ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھاكىمىيەت چۈشەنچىسى، دۆلەت ۋە سىياسىي ئىقتىدار ئۇقۇملىرى، ھۆكۈمدارلاردا بولۇشنى تېگىشلىك خۇسۇسىيەتلەر، ھۆكۈمدار بىلەن پۇقرالارنىڭ مۇناسىۋەتلىرى توغرىسىدىكى مەزمۇنلار شۇ مەزگىلدە يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەرىپىدىن يېزىلغان ئۇيغۇر سىياسەتنامىسى «قۇتادغۇ بىلىك» تە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقانىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ھاكىمىيەت چۈشەنچىسى، ھۆكۈمرانلىق ئالامەتلىرى، ھۆكۈمدارنىڭ كۈندىلىك ھاياتى ۋە

ئۇنىڭ ساراي ئەھلىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى ۋە شۇنىڭدەك ھۆكۈمدارنىڭ خوتۇنلار ۋە شاھزادىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىرى قاتارلىق جەھەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى؛ ھۆكۈمرانلىق ئورگىنى تەرتىپ بويىچە خاقان، يۇغرۇش (ۋەزىر)، يابغۇ، ساغۇن، كۆل ئېركىن، چۇۋى، تۇكسىن، ئىنال، تارخان ياكى بولسا خاقان، تەركەن (خوتۇن)، ئېلىسىك، بەگ، ئەرئۆگە (مۇشاۋىر)، يوغرۇش، يابغۇ، چاۋلى بەگ، تېگىن بەگ، ئىنانچ بەگ، كۆك ئايوق، ئۆگە قاتارلىقلاردىن تەشكىل قىلىناتتى. ساراي تەشكىلاتى ئۇلۇغ ھاجىپ، خاس ھاجىپ ۋە ھاجىپلار، قوۋۇقچىباشى (ئىشىك ئاغىسى)، بۇيرۇقلار (ھەربىي ۋەزىر)، جاندار (قوغدىغۇچى)، سىلاھدار (قورالچى)، ئەلەمدار (بايراقچى) ۋە شۇنىڭدەك خاقاننىڭ ئامان - ئېسەنلىكى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئاشچىباشى (ئاشپەزلەر باشلىقى)، ئىدىشچىباشى (ئىچىملىك باشقۇرغۇچى)، ئېلباشى (ئاتخانا باشلىقى، مىراخور)، جامەدار (كىيىمچى) ۋە شۇنىڭدەك ئالىي دۆلەت ئەركانلىرىدىن تەركىب تاپاتتى، دۆلەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمرانلىق ئورگانلىرى خەلىپەت (يەنى نائىب -- باش ۋالىي)، كېڭەش مۇئەسسەسەسى ۋە بۇ مۇئەسسەسەدە ئىشلەيدىغان مەسلىھەتچىلەر، يۇغىرۇش (ۋەزىر) لەر، بۈيۈك دىۋان ۋە ھەر دەرىجىلىك يەرلىك دىۋانلار قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپاتتى. قاراخانىلارنىڭ يەرلىك تەشكىلاتلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئەنئەنىسى بويىچە «ئىككىلىك تەشكىلات» ئاساسىدا ئىدارە قىلىش ئۇسۇلىنى يولغا قويغانىدى. قاراخانىلار دۆلىتى شەرق ۋە غەرب دەپ ئىككى قىسىمغا ئايرىلغاندىن كېيىن، دۆلەتنىڭ شەرقىي قىسمى بىۋاسىتە بۈيۈك خاقاننىڭ ئىدارىسى ئاستىدا بولۇپ كەلدى، دۆلەتنىڭ غەربىي قىسمىنى بۈيۈك خاقاننىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلىشتەك ئالدىنقى شەرت ئاستىدا، خاندان ئەزاسىدىن بىرى ئىدارە قىلاتتى. بۇنداق ھۆكۈمرانلار ئېلىكخان، شاھزادە، شاھنە (ھەربىي ۋالىي) دېيىلەتتى، ۋىلايەتلەر «ئېل» دەپ ئاتىلاتتى، ئېلبەگلىرىنىڭ قول ئاستىدا يەنە كەتخۇدا (يەرلىك ۋەزىر ۋە ياكى رايون ۋەزىرى)، ئامىل (ياكى ئىمگا، شەھەر، ناھىيىلەرنىڭ مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدار)، رەئىس، مۆھتەسىپ (شەھەر مەمۇرىيىتىنى باشقۇرىدىغانلار)، خاتىپ (شەھەر -- ناھىيىلەردىكى گۇمرۇك، ئۆتكەللەرنىڭ قوماندانى)، پوچتا -- ئالاقە ئىشلىرىنى بېجىرىدىغان ئەشكىنچى، پەيكلەر، كۆكيۈك، تۇدۇن (يېزىلاردا سۇ تەقسىم قىلىپ بېرىدىغان ئاقساقاللار)، چوپان، قورۇغۇچى (يېزا ئاقساقاللىرىنىڭ ياردەمچىسى) قاتارلىق ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلار بولاتتى؛

www.uyghurkitap.com

يەرلىك ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلار ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى ھۆكۈمدار نامىدىن يۈرگۈزەتتى. بۇنداق يەرلىك ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلارنىڭ باشلىقلىرى ۋە بۇ تەشكىلاتلاردا ئىشلەيدىغان ئىمگا (باجگىر)، غالچا، دورغا، قازىل قۇززات، دادخاھ، بىتىكچى، باخشى ۋە باشقىلار قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ پۈتكۈل دۆلەت ماشىنىسىنىڭ ئايرىلماس تەركىبىي قىسمى بولۇپ ھېسابلىناتتى؛

قاراخانىلارنىڭ دۆلەت تۈۋرۈكى بولغان ئارمىيە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىسى ۋە ئالدىن بەلگىلەنگەن قاتتىق تەلەپ بويىچە تۈزۈلگەنىدى. قاراخانىلارنىڭ ئارمىيىسى گۋاردىيە قىسىملىرى — ساراي مۇھاپىزەتچىلىرى قوشۇنى، خاس قوشۇنلاردىن تەركىب تاپقاندىن باشقا، يەنە قاراخانىيلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق گورۇھىدىكىلەرنىڭ، ۋالىيلارنىڭ ۋە باشقا دۆلەت خادىملىرىنىڭ ھەربىي كۈچلىرىمۇ قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ ئارمىيىسىنى ۋۇجۇد قاكەلتۈرگۈچى كۈچى بولۇپ ھېسابلىناتتى. چىگىل، قارلۇق، ئوغراق ۋە قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ تەركىبىدىكى باشقا خەلقلەرنىڭ ھەربىي كۈچلىرىمۇ قاراخانىيلار ئارمىيىسىنى تەشكىل قىلىدىغان مۇھىم تەركىبلەر بولۇپ ھېسابلىناتتى. قارانىلار ئارمىيىسى ھەر دەرىجىلىك جەڭگىۋار بىرلىكلەردىن تەركىپ تاپاتتى. بۇ جەڭگىۋار بىرلىكلەر تۈرلۈك ھەربىي ھەرىكەتلەردە ئۆزلىرى زىممىسىگە ئالغان جەڭگىۋار ۋەزىپىلەرگە ئاساسەن ۋە ئالدىن بەلگىلەنگەن تاكتىكا، ستراتېگىيە بويىچە ئىش كۆرەتتى. ئارمىيىنىڭ تەرتىپ-ئىنتىزامى قاتتىق ئىدى. قونالغۇ ۋە قارارگاھلىرى تۈرلۈك يەر شارائىتلىرىنىڭ تەلىپى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلاتتى. كېچىلىك ۋە كۈندۈزلۈك ھەرىكەتلەر بەلگىلىك يۆنىلىش، ئىم (پارول) بويىچە بولاتتى. قاراخانىيلار ئارمىيىسى خەۋەر، ئالاقە، ئاخبارات ئىشلىرىغا ھەممىدىن بەك ئەھمىيەت بېرەتتى ۋە بۇنى تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداشتىكى ئالدىنقى شەرت دەپ ھېسابلايتتى. ھەربىي قىسىملاردىكى ھەردەرىجىلىك قوماندانلارنىڭ ئۇنۋانلىرى بولاتتى ۋە بۇ قوماندانلارغا تەۋە جەڭگىۋار بىرلىكلەر مۇئەييەن ساندىكى ئەسكەرلەردىن تەركىب تاپاتتى. ئەسكەرلەر يەنە پىيادىلەر، ئاتلىق ئەسكەرلەر (چەۋەنداز)، تۇغچى، كىشچى، قۇشچى، ئوقچى، ياكى نەيزىچى، سىپەرچى، مەشئەلچى ... دېگەندەك ئەسكىرىي تۈرلەرگە بۆلۈنەتتى. قاراخانلاردا دۆلەت مۇداپىئە ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان مەخسۇس ئەمەلدارلىق — «دىۋانى ئارىز» ۋە «دىۋانى جەيش» دەپ ئاتىلىدىغان مەخسۇس دىۋان بار ئىدى. بۇ دىۋانلار ئارمىيىنىڭ مۇلازىمەت ۋە ئېھتىياجلىرىغا مەسئۇل بولۇپ، ئەسكەرلەر-

نىڭ ماتائشلىرىنى تارقىتىشقا مەسئۇل ئىدى. ئۇلار يەنە بەلگىلىك سۇرۇك ئىچىدە ئەسكەرلەرنى يوقلىما قىلىپ تۇرۇشقا مەسئۇل بولاتتى. بۇنداق يوقلىما «ئاي بېتىك» دېيىلەتتى، يۈرۈش ئۈستىدىكى ئارمىيىنىڭ بىر قىسمى يەنە (ئاۋانگارد كۆچ — چاپاۋۇل قىسىم) دەپ ئاتىلاتتى. دۈشمەنلەردىن تىل تۇتۇشقا مەسئۇل بولغان جەڭگىۋار ئەترەتلەر «تۇتقاق» دېيىلەتتى، بۇلاردىن كېيىن ماڭىدىغان قوشۇن «يورتوغ» (مۇھاپىزەتچى) قوشۇن دېيىلەتتى. يورتوغ قىسىم ھۆكۈمدارلارنىڭ ئالدىدا ئېلىپ مېڭىلىدىغان بايراقلار، تۇغلار، گۇرزە ۋە قوش ئات (زاپاس ئاتلار) نى ئېلىپ مېڭىشقا مەسئۇل ئىدى. ئەسكىرىي تەرتىپنى تۈزەيدىغانلار «چاۋۇش» (پاترول) دېيىلەتتى. ئەسكەر جەڭگە كىرىشتىن ئىلگىرى بىر-بىرىنى تونۇش ئۈچۈن نەيزىلىرىگە تانغۇق بەلگە دېيىلىدىغان يىپەك لېنتا ياكى قوتاز قۇيرۇقلىرىنى باغلىۋالاتتى. جەڭدە قوشۇن «مەيمەنە — يۇرەك-مەيسەرە» شەكلىدە تىزىلغان، يەنى ئۈچ بۆلۈكلۈك جەڭگىۋار گۇرۇپپىلاردىن تەركىب تاپاتتى. بۇنداق ئۈچ بۆلۈكلۈك جەڭگىۋار گۇرۇپپىلاردىن يەر شارائىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئالدى ياكى كەينى «مەيمەنە — يۇرەك-مەيسەرە» جەڭگىۋار شەكلى بارلىققا كېلەتتى. بۇنداق تاكتىكا تارىختا «بۆرە ئويۇنى» ياكى «تۇران تاكتىكىسى» دەپ ئاتالغانىدى. قوشۇندىكى جەڭگىۋار بىرلىكلەر ھەر ئۈچ جەڭگىۋار گۇرۇپپىدىن بىر ئوتاغ (بىر بەن) تەشكىل قىلىناتتى، بۇنىڭغا ئوتاغ باشى باشچىلىق قىلاتتى. ھەر 25 — 20 كىشى ھايىل (بىر پەي) بولاتتى. بۇنىڭغا بىر ھايىل باشى باشچىلىق قىلاتتى. ھەر ئون ئوتاغ 30 دىن 100 گىچە ئەسكەردىن تەركىب تاپاتتى، ھەر ئون ئوتاغ (يەنى 800 دىن 1000 غىچە بولغان ئەسكەر) بىر كىچىك قوشۇن، ھەر تۆت كىچىك قوشۇن بىر ئوتتۇرا قوشۇن (4000 ئەسكەر) بولاتتى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ سۆزىدىن مەلۇم بولۇشىچە، سۇباشى بولغان كىشى:

— يۈرىكى سوقۇشتا يولۋاسنىڭ يۈرىكىدەك، تۇتۇشقاندا بېلىكى قاپلاننىڭ بېلىكىدەك بولۇشى كېرەك؛

— تۇڭگۇزدەك تەرسا، بۆرىدەك كۈچلۈك، ئېيىقتەك دەھشەتلىك ۋە قوتازدەك ئۈچ ئالغۇچى بولۇشى كېرەك؛

— قىزىل تۈلكىدەك ھىيلىگەر، بوغرا تۆگىدەك ئاداۋەتچى بولۇشى كېرەك. ھىيلىگەرلىك ۋە قوۋۇلۇقنىڭ يوللىرىنى بىلىشى كېرەك، چارىسىنى تاپقۇچىغا يولۋاسمۇ باش ئېگىدۇ؛

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

— ئۆزىنى سېغىزخانىدەك سەگەك تۇتۇشى، قىيا قوزغۇنىدەك ھەر دائىم يىراقنى كۆرۈشى كېرەك؛

— غەيرەتتە ئارسلاندەك بولۇشى كېچىلىرى ھوقۇشتەك ئويغاق تۇرۇشى كېرەك؛

— سۆزى راست بولۇشى، دېگىنى ئىشەنچلىك بولۇشى كېرەك. ئادەم بۇ خىل سۈپەتلەر بىلەن جەڭچى ۋە ئۆز ئىشىنىڭ ئەھلى بولالايدۇ. جەڭچى ھەر قاچان قورال تۇتىدۇ. ئۇ دۈشمەننى يوقىتىدۇ ۋە غەلىبە قىلىدۇ.

قىسقىسى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئىشىدا بارلىق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى. ئۇ يازغان شاھانە ئەسەر — «قۇتادغۇ بىلىك»نى تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىش قاراخانىلارنىڭ ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىنى چۈشىنىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۇ كىتابتا ئۇيغۇرلار فېئوداللىق جەمئىيەتكە كۆچكەندىن كېيىن قۇرغان فېئودال سۇلالە — قاراخانىلارنىڭ پۈتكۈل دۆلەت ماشىنىسىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولى ھەققىدە بىر قەدەر ئەتراپلىق، تولۇق مەلۇمات بېرىلگەن. بۇ ئەسەر دۆلەتىمىزنىڭ ئىچكى - سىرتىدا قاراخانىلارنىڭ سىياسىي ھاكىمىيەت شەكلى چۈشەندۈرۈلگەن تۇنجى تەتقىقات نەتىجىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

# شىياڭگاڭ، تەيۋەنلەرنىڭ شىنجاڭ ھازىرقى زامان تارىخىنى تەتقىق قىلىش ئەھۋالى

ۋاڭ داگاڭ

شىنجاڭ ھازىرقى زامان تارىخىنى تەتقىق قىلىشقا 30 - يىللارنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ ئەھمىيەت بېرىلگەنىدى. 30 - يىللارنىڭ دەسلەپىدىن باشلاپ ۋۇشاۋلىن «شىنجاڭغا ئومۇمىي نەزەر» (نەنجىڭ، 1933 - يىل) دېگەن كىتابىنى؛ جياڭ جۇنجاڭ «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا» (جېڭجۇڭ كىتابخانىسى، 1934 - يىل) دېگەن كىتابىنى؛ شۈي چۇڭخاۋ «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تەپسىراتى» (جېڭجۇڭ كىتابخانىسى، 1945 - يىل نەشرى) دېگەن كىتابىنى؛ چېن جىيىڭ «شىنجاڭغا نەزەر» دېگەن كىتابىنى يازدى. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى شىنجاڭنى تونۇشتۇرىدىغان كىتابلار بولۇپ، ئۇلاردا شۇ چاغدىكى سىياسىي ۋەزىيەتكە دائىر بايانلار ئاز.

شۇنىڭ بىلەن بىللە بەزى ساياھەتنامىلەر نەشر قىلىندى. بۇ ساياھەتنامىلەردە 30 - يىللارنىڭ باشلىرىدىكى مالىمانچىلىققا دائىر خېلى تەپسىلىي مەلۇمات بار. ئالايلۇق: فىڭ يۇجېن: «شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈش خاتىرىسى» (دۇنيا كىتابخانىسى، 1934 - يىل نەشرى) نى، ۋۇئەيچېن: «شىنجاڭغا قىلىنغان ساياھەتتىن خاتىرە» (شاڭۋۇ كىتابخانىسى، 1935 - يىل نەشرى) نى يازدى. بۇ خىل ساياھەتنامە ئاپتورلىرىنىڭ كۆپىنچىسى شۇ چاغدىكى مەركىزىي ھۆكۈمەت شىنجاڭغا تەكشۈرۈشكە ئەۋەتكەن ئەمەلدارلار ئىدى①.

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئەينى چاغدا مەملىكەت ئىچىدىكى گېزىت - ژۇرناللار چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى تەسىرىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەنىدى②. شېڭ شىسەي ھاكىمىيەتنى قولغا كىرگۈزۈۋالغاندىن كېيىن، بىر مۇنچە كىشىلەر ماقالە يېزىپ، ئۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قاراتقان سىياسىتىنى تەنقىد قىلدى. مەسىلەن، ۋاڭ رېۋېي: «شېڭ شىسەينىڭ قىزىل ئارمىيىگە تايىنىپ ياتلارنى يوقاتقانلىقىنىڭ ھەقىقىي سىرى» ناملىق ماقالىنى؛ جاڭ رۇڭ: «شىنجاڭ - سوۋېت مەخپىي كېلىشىمىنى تەكشۈرۈش» ناملىق ماقالىنى؛ خې جىڭ: «سوۋېت كۈچلىرى كونتروللۇقىدىكى سوۋېت - شىنجاڭ مۇناسىۋىتى

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۈستىدە تەھلىل» ناملىق ماقالىنى يازدى ③. يەنە بەزىلەر شىنجاڭنى ئەنگلىيە، ياپونىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى كۆز تىكىۋاتىدۇ، ئۇ 2 - مانجۇرىيە بولۇپ قېلىشى مۇمكىن دەپ ئەنسىرىدى ④.

شىنجاڭدا، شېڭ شىسەي ئۆز سىياسىتىنى تەرغىپ قىلىش يۈزىسىدىن بەزى ژۇرناللار ۋە ئەسەرلەرنى نەشر قىلدۇرغانىدى ⑤. شىنجاڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى نەشر قىلغان ژۇرناللار، ئالايلۇق «جاھانگىرلىككە قارشى سەپ» شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىن ئۆتۈش، كومپارتىيە بىلەن بىرلىشىش سىياسىتىنى يۈرگۈزگەن مەزگىلدە خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ھەلقنى تەربىيىلەش رولىنى ئوينىغانىدى ⑥.

1946 - يىلدىن كېيىن، شياڭگاڭ، تەيۋەن ۋە سىنگاپور قاتارلىق رايونلاردا شىنجاڭنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا دائىر خېلى كۆپ ئەسەرلەر نەشر قىلىندى. بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورلىرىنىڭ كۆپىنچىسى شىنجاڭدا ھەربىي، مەمۇرىي ساھەلەردە ۋەزىپە ئۆتىگەن ئەمەلدارلار ئىدى.

ياڭ زېڭشىن دەۋرىگە ئائىت ئەسەرلەر ئانچە كۆپ ئەمەس. لېكىن 1965 - يىلى تەيبېيدىكى ۋېنخەي نەشرىياتى ياڭ زېڭشىن يازغان «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار» نى ۋە ئۇنىڭ داۋامىنى نەشر قىلدى (بۇ كىتاب 1946 - يىلدىن بۇرۇن چوڭ قۇرۇقلۇقتا نەشر قىلىنغانىدى)، بۇكىتاب ياڭ زېڭشىن دەۋرىدىكى تارىخنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم 1 - قول ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ياڭ زېڭشىنغا دائىر بەزى ماقالىلەر، مەسىلەن: جىڭ شۇفېڭنىڭ «ياڭ زېڭشىننىڭ شىنجاڭدا ئەمەلدارلىق تۈزۈمىنى تەرتىپكە سېلىشى» ناملىق ماقالىسى؛ جاڭ داجۈننىڭ «شىنجاڭدىكى مالىمانچىلىق ۋە ياڭ زېڭشىننىڭ ھاكىمىيەت باشقۇرۇشى» ناملىق ماقالىسى؛ دىڭ يەنگۇڭنىڭ «ياڭ زېڭشىننىڭ كۆتمەك بولۇپ كەتكەن موي قەلەم بىلەن شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشى» ناملىق ماقالىسى قاتارلىقلار ئېلان قىلىندى ⑦.

شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭنى باشقۇرۇش سىياسىتىگە باھا بېرىش جەھەتتە 50 - يىللارنىڭ باشلىرىدا شېڭ شىسەي بىلەن گۇاڭ لۇ ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن بىر قەپەس بەس - مۇنازىرە كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتتى. شېڭ شىسەي شىنجاڭدىن كەتكەندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى ھەر خىل كۈچلەرنىڭ ئېيىبلىشىگە ئۇچراپلا قالماي، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ سوغاق مۇئامىلىگە ئۇچرىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىكى قىلمىشلىرىنى ئاقلاش يۈزىسىدىن «شىنجاڭنىڭ 10 يىلى» ناملىق ئۇزۇن ماقالىنى يازدى. بۇ ماقالە 1952 - يىل 9 - ئايدىن

باشلاپ تەيبېيدە چىقىدىغان «مۇستەقىل كەچلىك گېزىت» تا ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلىندى. بۇ ماقالە كېيىن باشقىلار تەرىپىدىن «شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدىكى 10 يىللىق ئەسلىمىسى» دەپ ئاتالدى.

شېڭ شىسەينىڭ بۇ ماقالىسى گۇاڭ لۇ ⑧ ۋەكىللىكىدىكى بىر مۇنچە «شىنجاڭلىق سەپداش» لارنىڭ كەسكىن قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. بىر «كەچلىك گېزىت» يەنە گۇاڭ لۇنىڭ «شېڭ شىسەيگە تەنقىد» ناملىق ماقالىسىنى ئارقا - ئارقىدىن باستى. بۇرۇن شىنجاڭدا ئىشلىگەن نۇرغۇن ئەمەلدارلار ۋە ئالىملار كەينى - كەينىدىن ماقالە يېزىپ گۇاڭ لۇنى قوللىدى. 1954 - يىلى تەيبېيدىكى جۇڭگونىڭ چېگرا سىياسىتىنى تەتقىق قىلىش جەمئىيىتى «شېڭ شىسەي شىنجاڭنى قانداق ئىدارە قىلغان» ناملىق كىتابىنى نەشر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، جاڭ داجۈن يازغان «شىنجاڭدا يېقىنقى 40 يىلدا يۈز بەرگەن مالىمانچىلىقلار توغرىسىدا قىسقىچە خاتىرە» ۋە «شىنجاڭدىكى 40 يىللىق مالىمانچىلىق» ناملىق ئىككى كىتابىنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا مەركەز ئاسار ئەتىقە تەمىنلەش نەشرىياتى بىلەن ۋۇجۇ نەشرىياتى نەشر قىلدى. 1952 - يىلى، سىنگاپوردا ئەنىڭنىڭ «شىنجاڭنىڭ ئىچكى سىرى» دېگەن كىتابى نەشر قىلىندى ⑨. بۇ ئەسەرلەرنىڭ شېڭ شىسەيگە بەرگەن باھاسى گۇاڭ لۇنىڭكىگە ئاساسەن ئوخشايدۇ. ئەنىڭ كىتابىدا ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى تەتقىق قىلغۇچى نوپۇزلۇق ئادىمى لاتمورغا خىرىس قىلىپ، ئۇنىڭ ئەسىرىنى «شىنجاڭدا يېقىنقى 20 يىلدىن بۇيان يۈز بەرگەن نۇرغۇن ۋەقەلەرنى رېئاللىققا يۈزلەنگەن ھالدا ئوبيېكتىپ تەھلىل قىلمىغان»، بولۇپمۇ «شىنجاڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىۋاسىتە، ۋاسىتىلىق تەسىرگە ئۇچرىغانلىقىنى»، «پەدەزلەپ كۆرسەتكەن ياكى بۇرمىلىغان» دېدى. (بۇ كىتابنىڭ «كىرىش سۆز» ىگە قاراڭ) جاڭ داجۈنمۇ ئۆز ئەسىرىدە شېڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان ھەمكارلىقىنى قاتتىق سۆككەن.

يېتىم قالغانلىقىنى ھېس قىلغان شېڭ شىسەي ئامېرىكىلىق ئالىم ئاللېنس ختىڭ بىلەن بىرلىكتە ئامېرىكىدا «شىنجاڭ: گۆرەگە قويۇلغان بۇيۇممۇ ياكى تۈگۈنمۇ؟» ناملىق كىتابىنى نەشر قىلدى ⑩. بۇ كىتاب ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا شېڭ شىسەي بىلەن ختىڭ يازدى. شېڭ شىسەي ئۆزى يازغان قىسىمغا «قىزىللار پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى مەغلۇبىيىتى» دەپ ماۋزۇ قويغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاساسەن، ئۆزىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بايان قىلىنغان. بۇ كىتابنى يېزىشتا شېڭ شىسەي خۇسۇسىي ئارخىپتىن ۋە دۇجۇڭيۇەن، ماۋزې-

مەن، چېن شيۇيىڭ قاتارلىقلارنىڭ «تۆۋەنامە» سىدىن پايدىلانغان. بۇ ماتېرىيالارنىڭ چىنلىقىغا ھەتتا خىتايلارنىڭ ئۆزىمۇ گۇمانلىنىش پوزىتسىيىسىدە بولغان، چۈنكى بۇ ماتېرىيالارنىڭ كۆپىنچىسى قاتتىق قىيىن-قىستاق ئاستىدا ئويدۇرۇپ چىقىلغانىدى ⑪. 60-يىللاردا، شېڭ شىسەي يەنە «ئەمنىيە ژۇرنىلى» دا «چېگرا رايوننى ئەسلەش» دېگەن تېمىدا ماقالە ئېلان قىلدى. بۇ ماقالىدە پاكىتنى بۇرمىلايدىغان بايانلار بولغاچقا، گۇاڭ لۇ، جاڭ داجۈن قاتارلىقلار ھەر قايسى تەرەپلەردىن تەنقىد قىلدى. شېڭ شىسەي بىلەن گۇاڭ لۇ ئوتتۇرىسىدىكى بەس-مۇنازىرە شېڭ شىسەي ئۆلگەنگە قەدەر داۋام قىلدى. جاڭ داجۈن «مەرھۇم شېڭ شىسەيگە باھا» دېگەن تېمىدا ماقالە يېزىپ بەس-مۇنازىرىنى خۇلاسىلىدى.

تەيۋەنگە كەتكەن، بۇرۇن شىنجاڭدا ئىشلىگەن ھەربىي-مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ ئەسلىمىلىرى ئىچىدە، ئاساسلىقى، خەلق ئىشلىرى نازىرى دىڭ شياڭخەينىڭ «ئىلى باندىتلىرىغا جازا يۈرۈشى قىلىش ئۇرۇشىنىڭ ئۆتمۈشى»، «ئالتاي قازاقلىرىنىڭ پاراكەندىچىلىكىنىڭ سەۋەبى» ⑬ دېگەن ئىككى ماقالىسى، خەلق ئىشلىرى نازىرى فىڭ شاۋشيەنىنىڭ «سىياسەت دېڭىزىدا لەيلەپ يۈرگەن يىللار» دېگەن ماقالىسى، چېن جىيىڭنىڭ «ئۇرۇمچى خاتىرىسى» ⑭ دېگەن ماقالىسى بار. سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق ھەربىي ئەمەلدار بولغان، جياڭ جيېشىنىڭ تاپشۇرۇقىغا بىنائەن شېڭ شىسەينىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەشكە ئۇرۇمچىگە بارغان دىڭ ۋېنيى «ئون مىڭ چاقىرىم يىراق زېمىنغا ساياھەت» ۋە «تەۋەككۇلچىنىڭ ئاقىۋىتى» دېگەن ئىككى ماقالىنى يازدى. بۇ ماقالىلەردىكى شىنجاڭغا دائىر قىسىمدا، ئۇ 1935-يىلى ئۇرۇمچىگە بارغان چاغدىكى ئەھۋاللار ۋە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شېڭ شىسەيگە تۇتقان پوزىتسىيىسى بايان قىلىنغان. گومىنداڭ شىنجاڭغا ئەۋەتكەن ئىشپېيونلار باشلىقى، ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكى 2-باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ دېبو «سىياسەت دېڭىزىدا ئۆزگەنلىرىم» دېگەن كىتابىدا ماۋزېمىننىڭ قەتلى قىلىنىش ئەھۋالىنى بايان قىلدى ⑮. جاڭ داجۈن «كۈئىنلۇندىكى 30 مىڭ چاقىرىملىق سەپەر» ناملىق كىتابىدا، ئۆزىنىڭ ۋە «25-سىنتەبىر ھەقىقەتكە قايتىش» قا قوشۇلمىغان گومىنداڭنىڭ بىر قىسىم ھەربىي-مەمۇرىي خادىملىرىنىڭ شىنجاڭدىن يولغا چىقىپ پاكىستان، ھىندىستان قاتارلىق جايلاردىن ئۆتۈپ تەيۋەنگە بېرىش سەپىرىنىڭ جەريانىنى ئەسلىگەن. تەرجىمىھال ئەدەبىياتى نەشرىياتى نەشر قىلغان «گۇاڭ لۇنىڭ ئەسلىمىسى» بىلەن «يولۋاسنىڭ ئەسلىمىسى» دېگەن ئىككى كىتابنىڭ ئالدىنقى قىسمىدا ياڭ زېڭشىننىڭ شىنجاڭنى

ئىدارە قىلىش ئىشىغا باھا بېرىلگەن. ئۇلار ياڭ زېڭشىنىڭ شىنجاڭنى مۇقىملاشتۇرغان سىياسىي تۆھپىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن، گۇاڭ لۇنىڭ ئەسلىمىسىدە، ئۆزىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا مۇئاۋىن كونسۇل بولغان چاغلىرىدىكى ئەھۋاللار خاتىرىلەنگەن. يولۋاسنىڭ ئەسلىمىسىدە قۇمۇل قوزغىلىڭىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە ئۇنىڭ ماجۇڭيىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بايان قىلىنغان. ئۇلارنىڭ ئەسلىمىلىرىدە 30 - يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە بولغان ئەھۋاللار خاتىرىلەنگەن ⑯.

تەيۋەندە نەشىر قىلىنغان شىنجاڭ ئومۇمىي تارىخىغا دائىر كىتابلار ئىچىدە، گۇاڭ لۇ يازغان «شىنجاڭ تارىخى»، موڭغۇل - زاڭزۇ ھەيئىتى نەشىر قىلدۇرغان ئىككى توملۇق «شىنجاڭ تارىخى» ۋە زېڭ ۋېنۋۇنىڭ «جۇڭگونىڭ غەربىي رايوننى باشقۇرۇش تارىخى» قاتارلىق كىتابلار بار. شىنجاڭ ھازىرقى زامان تارىخىغا ئائىت كىتابلاردىن جۇكۇنتيەن 1962 - يىلى يازغان «50 يىلدىن بۇيانقى شىنجاڭ» دىن باشقا، يەنە يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئەن نىڭ، جاڭ داجۈن قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرى بار، بولۇپمۇ جاڭ داجۈن يازغان 5 مىليون خەتلىك XII توملۇق كىتاب — «شىنجاڭدىكى بوران - چاپقۇنلۇق 70 يىل» كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. بۇ كىتابنى تەيۋەندىكى لەنشى نەشرىياتى نەشىر قىلغان. بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى بېيجىڭ داشۆسىنىڭ تارىخ فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن، كېيىن ھەربىي خىزمەت ئۆتىگەن. ئۇ شىنجاڭدىكى مەزگىلدە ۋەزىيەت تەرەققىياتىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەن ۋە ماتېرىيال توپلاشقا كىرىشكەن. 1949 - يىلى شىنجاڭدىن كېتىش ۋاقتىدا، نۇرغۇن ماتېرىياللارنى، جۈملىدىن چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ، دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ ئارخىپلىرىنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەن. تەيۋەنگە بارغاندىن كېيىن گومىنداڭ مەركىزىي ئورگىنىنىڭ پارتىيە تارىخى ھەيئىتىدە ئىشلىگەن. ئۇ بۇ كىتابنى يېزىشتا، ئېلىپ كەتكەن ھۆكۈمەت ئارخىپلىرىدىن باشقا، يەنە تۈرلۈك گېزىت - ژۇرناللاردىن، ئەسلىمىلەردىن ۋە ئۆزىنىڭ تەكشۈرۈش خاتىرىسىدىن، زىيارەت قىلىش ماتېرىياللىرىدىن پايدىلانغان. بۇ كىتابنى شياڭگاڭ، تەيۋەن رايونىنىڭ شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان تارىخى تەتقىقاتىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرىدىكە ئىگە ئەسىرى دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ. جاڭ داجۈن پۈتكۈل ھازىرقى زامان تارىخى دەۋرىدىن شىنجاڭنى كۆزىتىش-تەھلىل قىلىش كېرەك ⑰ دېگەنىدى. شارائىت ۋە مۇھىتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، ئاپتور چوڭ قۇرۇقلۇقتا ساقلىنىۋاتقان ئارخىپ ماتېرىياللاردىن پايدىلانمىغان، بىر مۇنچە تارىخىي ۋەقەلەرگە باھا بېرىشتە، ئۇنىڭ سىياسىي جەھەتتە ئېغىپ كەتكەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ.

تەيۋەندە «چېگرا رايون سىياسىتى تەتقىقاتى» بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر مۇنچە مەكتەپلەر ۋە پەن تەتقىقات ئورگانلىرى مەسىلەن، تەيۋەن داشۆ تارىخ پاكۇلتېتى، مەركىزىي تەتقىقات يۇرتىنىڭ يېقىنقى زامان تارىخى تەتقىقات ئورنى، گۇگۇڭ مۇزېيى تەتقىقات ئورنى، مەركىزىي سىياسىي داشۆ قاتارلىقلار بار. بۇلارنىڭ ئىچىدە مەركىزىي سىياسىي داشۆنىڭ چېگرا رايون سىياسىتى تەتقىقات ئورنى ئاساسلىق ئورۇن ھېسابلىنىدۇ. بۇ تەتقىقات ئورنى 1961 - يىلى قۇرۇلغاندىن بۇيان، شىنجاڭنى تەتقىق قىلىشتا نۇرغۇن نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى، تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى لىن ئېنشىيەن شىنجاڭنىڭ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ئاتاق قازاندى. بۇ ئورۇن تەكلىپ قىلغان توققۇز ئوقۇتقۇچىدىن ئۈچ نەپىرى شىنجاڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ئىقتىدارلىق، ئۇلار ئاساسلىقى قەدىمكى زامان ۋە يېقىنقى زامانىنى تەتقىق قىلىدۇ. بۇ ئورۇن «چېگرا رايون سىياسىتى تەتقىقات توپلىمى» دىن 18 نى چىقاردى، بېيجىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان 15 توپلام ئىچىدە شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان مەسىلىلىرىگە ئائىت ماقالىلەر چىقىلمىدى. بىلىشىمىزچە، بۇ تەتقىقات ئورنىدىكى تەتقىقاتچىلار يازغان شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان تارىخىغا دائىر ماقالىلەر ئىچىدە، چېن جياچۇەننىڭ «جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئۈستىدە تەتقىقات» دېگەن ماقالىسى، لو ليەنفاڭنىڭ «جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ شىنجاڭغا ئاھالە كۆچۈرۈشى ئۈستىدە تەتقىقات» دېگەن ماقالىسى ۋە چېن جۇڭشىننىڭ «مىنگودىن بۇيانقى شىنجاڭ ۋە كەلگۈسىگە نەزەر» دېگەن ماقالىسى بار ئىكەن. كېيىنكى ئىككى ماقالە بۇ ئورۇننىڭ ماگىستىرلىق دىسسېرتاتسىيىسى ئىكەن. ئاڭلىشىمىزچە، بۇندىن كېيىن شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىغا، ھازىرقى زامان تارىخىغا دائىر مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش كۈچەيتىلىدىكەن.

شياڭگاڭ، تەيۋەنلەردىكى ئالىملارمۇ شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇناسىۋىتىگە دائىر مەسىلىلەرگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدۇ. 1950 - يىللىرى، تەيۋەندىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ «تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى» «روسىيىنىڭ شىنجاڭغا قاراتقان ئىقتىسادىي تاجاۋۇزى» ناملىق كىتابىنى نەشر قىلغانىدى. بۇ كىتاب دىپلوماتىيە ئارخىپى ئاساسىدا يېزىلىپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈستىدىن قىلىنغان شىكايەت سۈپىتىدە سۇنۇلغانىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، تەيۋەن ئەركىنلىك نەشرىياتى 1952 - يىلى سۇن فۇشىن يازغان «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭنى تالان - تاراج قىلىش خاتىرىسى» (ئىككى توم) نى نەشر قىلدى، تەيبېي «تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى» 1958 - يىلى تۈزگەن «جۇڭگونىڭ

چەت ئەللەر بىلەن تۈزگەن شەرتنامىلىرى توپلىمى» دا ۋە شياڭگاڭدىكى شىنخۇا باسما ھەسسىدارلىق شىركىتى نەشرىياتىدىكى يۈەن تۇڭلى تۈزگەن «جۇڭگو - روسىيە غەربىي شىمال شەرتنامىلەر توپلىمى» (1851 — 1949) دا، ئەينى چاغلاردىكى شىنجاڭ - سوۋېت مۇناسىۋىتىگە دائىر ھۆججەتلەر بار. بۇنىڭ ئالدى - كەينىدە، تەيبېي «دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى» راۋتېيشەن يازغان «رۇس قاراقچىلىرى ۋە شىنجاڭ» دېگەن كىتابنى نەشر قىلدى، دىپلوماتىيە مەجمۇئەسى نەشرىياتى «شىنجاڭ مەسىلىسى» دېگەن كىتابنى، موڭغۇل - زاڭزۇ ھەيئىتى «شىنجاڭنىڭ چەت ئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى» دېگەن كىتابنى تۈزدى. بۇ ئەسەرلەردە ۋە جاڭ داجۈن قاتارلىقلارنىڭ شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىغا، ھازىرقى زامان تارىخىغا دائىر ئەسەرلىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك باب - بۆلۈملەردە، تەيۋەندىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى دائىرىلىرىنىڭ نۇقتىئىنەزىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

60 — 70 - يىللاردا تەيۋەندە چىقىدىغان ژۇرناللارغا بېسىلغان شىنجاڭ - سوۋېت مۇناسىۋىتىگە ئائىت ئىلمىي ماقالىلەردە بۇ نۇقتىئىنەزەر تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شەرھلەندى. بۇلارغا جاڭ داجۈننىڭ «مىنگونىڭ 33 - يىلىدىكى ئىلى ۋەقەسى»، «ئىلى ۋەقەسىدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تارباغاتاي، ئالتاي، جىڭخې قولغا كىرگۈزۈۋېلىش جەريانى»، «روسىيە تۇتاشتۇرغان ئىلى ۋەقەسىنىڭ ئوت يالقۇنى» دېگەن ماقالىلىرىنى؛ گۇاڭ لۇنىڭ «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلغانلىقى ھەققىدە ئەسلىمە ۋە كەلگۈسىگە نەزەر» دېگەن ماقالىسىنى؛ شۈي بودانىڭ «30 يىلدىن بۇيان رۇس ئىمپېرىيىسىنىڭ شىنجاڭغا تاجاۋۇزى» دېگەن ماقالىسىنى؛ فەن داگاڭنىڭ «سوۋېت ئىتتىپاقى نېمىشقا شىنجاڭغا كۆز سالىدۇ» ⑱ دېگەن ماقالىسىنى ۋە باشقا ماقالىلەرنى مىسال كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ بىر مەزگىلدە سوۋېت - شىنجاڭ مۇناسىۋىتىگە دائىر ئارخىپ ماتېرىياللىرىنى ئاشكارىلىمىدى. سوۋېت ئالىملىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىمۇ يوق دېيەرلىك. تەيۋەن ئاشكارىلىغان ئارخىپ ماتېرىياللىرىمۇ 50 - يىللاردا چىققان بىراشۇرىسىدىنلا ئىبارەت. شۇڭا شىنجاڭ - سوۋېت مۇناسىۋىتىگە دائىر 1 - قول ماتېرىياللار ناھايىتى كەمچىل. تەيبېي مەركىزىي تەتقىقات يۇرتىنىڭ يېقىنقى زامان تارىخى تەتقىقات ئورنى تەيۋەندە ساقلىنىۋاتقان ئارخىپلارغا ئاساسەن «جۇڭگو - روسىيە مۇناسىۋىتىگە دائىر تارىخىي ماتېرىياللار» نى تۈزۈپ، 1961 - يىلدىن باشلاپ نەشر قىلدى، بۇنىڭدا 1911 - يىلدىن بۇيانقى جۇڭگو - روسىيە (سوۋېت) مۇناسىۋىتىگە دائىر ماتېرىياللار بار، لېكىن

www.uyghurkitap.com

بۇ «ماتېرىياللار» 10 سان (1921 - يىلغىچە بولغان ماتېرىياللار بېسىلغان) چىقىپلا توختاپ قالدى. بۇنىڭغا تەبىيي «تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى» نىڭ «بۇ تارىخىي ئارخىپلارنى يېقىنقى زامان تارىخى تەتقىقات ئورنىدىن ئېلىۋېلىشنى قارار قىلغانلىقى» سەۋەب بولغان. نەشر قىلىنغان 10 سان ماتېرىيالدىن پەقەت بىر سانىلا، يەنى «جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتىگە دائىر تارىخىي ماتېرىياللار — شىنجاڭنىڭ چېگرا مۇداپىئەسى. 1917 — 1919» دېگەن قىسىملا شىنجاڭغا چېتىلىدۇ. 1981 - يىلى، تەيۋەندە شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ 70 يىللىقى تەبرىكلىنىۋاتقان مەزگىلدە، گومىنداڭ مەركىزىي ئورگىنىنىڭ پارتىيە تارىخى ھەيئىتى «جۇڭخۇا مىنگوغا دائىر مۇھىم تارىخىي ماتېرىياللار توپلىمى» دېگەن كۆپ توملۇق كىتابنى نەشر قىلدى، ئۇنىڭ 7 - تومى — «ئۇرۇشتىن كېيىنكى جۇڭگو» (باش تەھرىرى: چىن شاۋيى، جەمئىي تۆت قىسىم) نىڭ 1 - قىسمىغا ھەمدە 3 - تومى — «ئۇرۇش دەۋرىدىكى دىپلوماتىيە» (جەمئىي ئۈچ قىسىم) نىڭ 2 - قىسمىغا شىنجاڭ - سوۋېت مۇناسىۋىتىگە دائىر ھۆججەتلەر كىرگۈزۈلگەن. «ئۇرۇشتىن كېيىنكى جۇڭگو» نىڭ 1 - قىسمىدىكى مۇناسىۋەتلىك بۆلەككە «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى موڭغۇلىيىگە، شىنجاڭغا تاجاۋۇزى ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈستىدىن شىكايىتى» دەپ ماۋزۇ قويۇلغان.

سوۋېت بىلەن ئامېرىكا ئۇرۇشتىن كېيىن يىراق شەرق دىپلوماتىيىسىدە شىنجاڭنى چوتا دەپ قارىغان ۋە يالتا يىغىنىدىن تارتىپ، نۇرغۇن دىپلوماتىيە سورۇنلىرىدا شىنجاڭ مەسىلىسى تىلغا ئېلىنغان ⑲. تەيۋەندە نەشر قىلىنغان جياڭ جيېشى تەرجىمىھالىدا ۋە جياڭ جىڭگو، جياڭ تىڭبى، گۇۋېيگۇ، بوبىنچاڭ قاتارلىقلارنىڭ ئەسلىمىلىرىدە شىنجاڭ - سوۋېت مۇناسىۋىتىگە دائىر مەزمۇنلار بار. ئۇنىڭدىن باشقا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «ك گ ب» خادىمى، شىنجاڭغا كېلىپ ئىشلىگەن پېتروۋ 50 - يىللاردا ئاۋستىرالىيىدە دىپلوماتىيە خادىمى بولغان مەزگىلدە سىياسىي باشپاناھلىق تىلىدى، تەيۋەن مەركىزىي ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ مۇخبىرى ئۇنى زىيارەت قىلدى. شۇ قېتىمقى زىيارەت خاتىرىسى «شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىش تارىخى توغرىسىدا ئەسلىمە» دېگەن ماۋزۇ بىلەن تەيبېيدە چىقىدىغان «يېڭى ھايات گېزىتى» دە ئېلان قىلىندى.

تەيۋەن تەرەپ 1949 - يىلدىن كېيىنكى شىنجاڭنى تەتقىق قىلىشقىمۇ خېلى ئەھمىيەت بەردى. مەسىلەن، «دۆلەتلىك خەۋپسىزلىك ئىدارىسى» 1955 - يىلى «شىنجاڭغا دائىر ماتېرىياللار» نى تۈزگەندىن كېيىن، 1970 - يىلى يەنە «شىنجاڭغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» (ئىككى قىسىم) نى نەشر قىلدى، ئۇ ئورۇن

يەنە «قورچاق شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» نى تۈزدى. «دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى» نىڭ ئاخبارات تارماقلىرى «شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇش» ناملىق تۆت توملۇق كىتابنى نەشر قىلدى. موڭغۇل - زاڭزۇ ھەيئىتى، دۆلەت مۇداپىئە تەتقىقات يۇرتى قاتارلىق ئورۇنلارمۇ شىنجاڭنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىدىغان ۋە تونۇشتۇرىدىغان بەزى كىتابلارنى نەشر قىلدى. بۇ ھەقتىكى بەزى ئىلمىي ماقالىلەر مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىندى.

كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغىنى شۇكى، تەيۋەندىكى ھاكىمىيەت سىرتىدىكى زاتلار شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش سۆز - ھەرىكىتىگە قارشى تۇردى. سابىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، تەمىرات نازىرى مۇھەممەتئىمىن 1949 - يىلى شىنجاڭدىن كەتكەندىن كېيىن تۈركىيىدە ماقالە يېزىپ شىنجاڭ مۇستەقىللىقىنى كۆككە كۆتەردى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مائارىپ مىنىستىرى جۇ جياخۇا تەيۋەندە چىقىدىغان «چوڭ قۇرۇقلۇق ژۇرنىلى» دا «ئاتالمىش شىنجاڭ مەسىلىسى — مۇھەممەتئىمىن ئەپەندىگە ئوچۇق خەت» دېگەن تېمىدا ئىككى قېتىم ماقالە ئېلان قىلىپ، ئۇنىڭغا رەددىيە بەردى⑳. شىنجاڭنى جۇڭگودىن بۆلۈۋېتىش نۇقتىئىنەزىرىنىڭ تەيۋەندىمۇ بازىرى كاسات.

شياڭگاڭ، تەيۋەنلەردە يېزىلغان شىنجاڭ ھازىرقى زامان تارىخىغا ئائىت دىسسېرتاتسىيە ماقالىلىرىدىن يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان چېگرا رايون سىياسىتى تەتقىقات ئورنىنىڭ ئىككى پارچە ماقالىسىدىن باشقا، يەنە چېن فۇلىن شياڭگاڭدا ماگىستىرلىق دىسسېرتاتسىيىسى — «شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىقىدىكى شىنجاڭ 1933 — 1944» نى ئىنگلىزچە يازدى. ئاپتور شياڭگاڭدا داشۆنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئامېرىكىغا بېرىپ ئوقۇتقۇچى بولدى ھەمدە شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان مەسىلىلىرىنى داۋاملىق تەتقىق قىلىپ، بىر مۇنچە ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى㉑.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، 40 يىلدىن بۇيان شياڭگاڭ، تەيۋەنلەردە شىنجاڭ ھازىرقى زامان تارىخىنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە، بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان سىياسىي تارىخى ۋە دىپلوماتىيە تارىخىنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە خېلى زور نەتىجە قولغا كەلدى. بىر مۇنچە تەتقىقاتچىلار ھازىرقى زاماندا شىنجاڭدا يۈز بەرگەن زور ۋەقەلەرنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن. ئۇلاردىن شېڭ شىسەي، يولۋاس قاتارلىقلار ئەشۇ ۋەقەلەرگە بىۋاسىتە قاتناشقانلار ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خۇسۇسىي ئارخىپلىرى ۋە ئەسلىمىلىرىنى شۇنداقلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەيۋەنگە ئېپكەتكەن ھۆججەت ماتېرىياللارنى ئۆز تەتقىقاتىدا ئاساسلىق ئىسپات قىلدى. چوڭ قۇرۇقلۇقتىكى ئالىملار ئۇ ماتېرىياللارغا ئىگە بولالمايدۇ. شياڭگاڭ، تەيۋەنلەردىكى ئالىملار يەنە شىنجاڭنىڭ ھازىر چەت ئەللەر بىلەن، بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە ناھايىتى دىققەت قىلدى.

تەيۋەن ئالىملىرىنىڭ شىنجاڭنى تەتقىق قىلىشىدىكى يېتەرسىزلىكى شۇكى، ئۇلارنىڭ ھازىر چوڭ قۇرۇقلۇقتا، بولۇپمۇ شىنجاڭ ۋە نەنجىڭ دۆلەتلىك 2-ئارخىپخانىدا ساقلىنىۋاتقان ئارخىپ ماتېرىياللىرىغا ئىگە بولۇشى تەس، شۇنداقلا ئەينى يىللاردا شىنجاڭدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنىڭ ئىشتىراكچىلىرى ۋە تەتقىقاتچىلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇشى قىيىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەينى چاغدىكى شۇ جاينىڭ ۋەزىيىتى تۈپەيلىدىن، ئۇلارنىڭ تەتقىقاتى روشەنكى سىياسىي ئېغىشتىن خالىي بولۇشى تەس.

مەملىكىتىمىزدە شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان تارىخىنى تەتقىق قىلىش ئەمدىلا باشلاندى، شۇڭا شياڭگاڭ، تەيۋەنلەردىكى ئالىملارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن تونۇشۇش بىزنى ئويغۇتۇش رولىنى ئوينايدۇ ۋە ئۇلارنىڭ نەتىجىلىرى بىزگە ئەينەك بولۇپ بېرىدۇ.

ئىزاھات:

① ۋۇ ئەيچېن 1932 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا نەنجىڭ ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ئالاھىدە خادىمى سۈپىتىدە شىنجاڭغا كېلىپ، 1934 - يىلىنىڭ باشلىرىدا قايتىپ كەتكەن. فىڭ يۈجېن ئۇنىڭ ھەمراھى ئىدى. باشقا ساياھەتنامىلەر ئىچىدە شىۋي گېۋۇنىڭ «شىنجاڭدىن تەسىرات» (1936 - يىلى)، چېن گېڭيانىڭ «غەربىي شىمالنى كۆزدىن كەچۈرۈش خاتىرىسى» قاتارلىقلار بار.

② مەسىلەن: 1928 - يىلى «شەرق ژۇرنىلى» (25 - توم، 16-سان) دا يۈيگەننىڭ «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا - شىنجاڭ تۆمۈر يولىنى ياسىغانلىقىنىڭ قىممىتى ۋە سوۋېت - شىنجاڭ مۇناسىۋىتى» دېگەن ماقالىسى، «چېگرا ئىشلىرى تەتقىقاتى» 1 - توم، 1 - سان (1934 - يىل نەشرى) دا جاڭ رۇچۈينىڭ «شىنجاڭ - تۈس تۆمۈر يولى» دېگەن ماقالىسى بېسىلدى.

③ يۇقىرىقى ماقالىلەرنى «تىيانشان ئايلىق ژۇرنىلى» نىڭ 1 - توم 3 - سان، 1934 - يىل 2 - ئاي نەشرىدىن؛ «يېڭى كىچىك ئاسىيا ئايلىق ژۇرنىلى»

نىڭ 9 - تومى 4 - سانىدىن؛ «چېگرا رايون يېرىم ئايلىق ژۇرنىلى» نىڭ 1 - توم، 519 - سانىدىن كۆرۈڭ.

③ لاڭدېيېي: «شىنجاڭنىڭ خەلقئارا مۇناسىۋىتى ۋە ئىستىقبالى»، «چېگرا ئىشلىرى تەتقىقاتى»، 1 - توم 4 - سان، 1935 - يىل 1 - ئاي نەشرى؛ لەيجېۋېن: «روسىيە، ئەنگلىيە، ياپونىيە كۆز تىكىپ تۇرغان شىنجاڭ»، «چېگرا رايون يېرىم ئايلىق ژۇرنىلى»، 1 - توم 1 - سان، 1936 - يىل نەشرى.

⑤ مەسىلەن، ئۇ يازغان «ئالتە بۈيۈك سىياسەت دەرسلىكى»، «ھۆكۈمەتنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىپىسى» قاتارلىقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. 40 - يىللاردا «يېڭى شىنجاڭ» ئايلىق ژۇرنىلى نەشر قىلىنغان.

⑥ جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ۋە بەزى دېموكراتىك زاتلار ياشلارنى شىنجاڭغا بېرىپ بىرلىكسەپ خىزمىتىگە قاتنىشىشقا جەلپ قىلغان ۋە شىنجاڭنى تونۇشتۇرىدىغان ماتېرىياللارنى نەشر قىلغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە دۇجۇڭيۈەن يازغان «شېڭ شىسەي ۋە شىنجاڭ» نى تەسىرى ئەڭ چوڭ دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ.

⑦ يۇقىرىقى ماقالىلەرنى «جۇڭگونىڭ چېگرا سىياسىتى» نىڭ 5 - توم 2 - سان، 1964 - يىل 3 - ئاي نەشرىدىن؛ «قەدىمكى ۋە ھازىرقى توغرىسىدا سۆھبەت» نىڭ 81 - توم، 1972 - يىل 3 - ئاي نەشرىدىن؛ «ئەمەنىيە ژۇرنىلى» (تەيبېي) نىڭ 3 - توم، 3 - سان، 1965 - يىل نەشرىدىن كۆرۈڭ.

⑧ گۇاڭلۇ شىنجاڭ ئۆلكىلىق، شىبە، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۇنى سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق كونسۇل قىلىپ ئەۋەتكەن، ئۇ گومىنداڭنىڭ قانۇن تۈزۈش ھەيئىتى بولغان. شېڭ شىسەي ئۇنى ئۇرۇمچىدە تۈرمىگە سولىغانىدى.

⑨ 40 - يىللاردا شېڭ شىسەي تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنغانلار پۇل چىقىرىپ «شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭغا كەلتۈرگەن بالايىئاپىتى» دېگەن كىتابنى نەشر قىلىپ، شېڭ شىسەينىڭ جىنايىتى ئۈستىدىن شىكايەت قىلدى. جۇدۇڭجياۋ تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن لەنجۇدا «شىنجاڭنىڭ 10 يىلى» دېگەن كىتابنى نەشر قىلدى، ئۇ كېيىن باشقىلارغا مەن بۇ كىتابنى جاڭجىجۇڭنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن يازدىم دېگەن.

⑩ ئامېرىكا مىچىگان داشۆسى، 1958 - يىل نەشرى.

⑪ شۇ كىتابنىڭ 5 - بېتىگە قاراڭ.

⑫ «تەرجىمىھال ئەدەبىياتى» 19 - توم، 4 -، 6 - سان، 20-توم، 1 -، 6-سان.

⑬ «دېموكراتىيە ئەنزارى» نىڭ 7 - توم 2 -، 3 -، 7 - سانلىرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

⑭ «ئەمەنىيە ژۇرنىلى» (شياڭگاڭ)، 1967 ـ يىل، 4 ـ سان؛ «تەرجىمىھال ئەدەبىياتى» 19 ـ توم، 2 ـ سان، 1971 ـ يىل 8 ـ ئاي نەشرى.

⑮ تەيبېي جۇڭخۇا كىتابخانىسى نەشر قىلغان. يەنە «تەرجىمىھال ئەدەبىياتى» 29 ـ توم، 5 ـ سان، 1976 ـ يىل 1 ـ ئاي نەشرىدىن كۆرۈڭ.

⑯ يولۋاس «تەرجىمىھال ئەدەبىياتى» 11 ــ 14 ـ توملىرىدا «12 ـ ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى ئەھۋاللارنى بايان قىلغان، كېيىن بۇ بايانلار ئۇنىڭ ئەسلىمىسىگە كىرگۈزۈلگەن.

⑰ «جۇڭگونىڭ چېگرا سىياسىتى» 21 ـ سان، 1968 ـ يىل.

⑱ يۇقىرىقى ماقالىلەر ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 1964 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «چېگرا رايونغا دائىر ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» نىڭ 1 ـ، 2 ـ قىسمىدا؛ «ئەمەنىيە ژۇرنىلى» نىڭ 16 ـ توم 3 ـ سانىدا؛ «جۇڭگونىڭ چېگرا سىياسىتى» نىڭ 1963 ـ يىل 6 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان تۇنجى سانىدا؛ «سوۋېت مەسىلىلىرى ئۈستىدە تەتقىقات» نىڭ 11 ـ توم، 8 ـ سان، 1969 ـ يىل 9 ـ ئاي نەشرىدە ئېلان قىلىنغان.

⑲ «تەرجىمىھال ئەدەبىياتى» غا تۆۋەندىكى ماقالىلەر بېسىلغان: ياۋسۇڭلىڭ، «يالتا يىغىنىدا شەكىللەنگەن خاتالىق» (1 ـ، 2 ـ قىسىم)، 24 ـ توم، 1 ـ 2 ـ سان، 1974 ـ يىل 1 ـ ئاي نەشرى؛ دۇڭلىن، «گوۋېيگۇ ۋە جۇڭگونىڭ ئۇرۇش دەۋرىدىكى دىپلوماتىيىسى» (1) ـ (5)، 30 ـ توم، 5 ـ ساندىن 31 ـ توم 3 ـ سانىغىچە، 1974 ـ يىل نەشرى، يەنە ياۋروپا ئامېرىكىدا نەشر قىلىنغان يالتا يىغىنى، قاھىرە يىغىنى قاتارلىق يىغىنلارغا دائىر بايانلارغا قاراڭ.

⑳ «چوڭ قۇرۇقلۇق ژۇرنىلى» 4 ـ توم 4 ـ سان، 1952 ـ يىل نەشرى؛ 9 ـ توم 7 ـ سان 1954 ـ يىل نەشرى. كېيىنكى ماقالە «چېگرا رايونغا دائىر ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» نىڭ 1 ـ سانىغا كىرگۈزۈلگەن.

㉑ مەسىلەن: تەيبېي مەركىزىي تەتقىقات يۇرتى يېقىنقى زامان تارىخى تەتقىقات ئورنى چىقارغان توپلامدا «شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدىكى ئىسلاھات پىلانى: ئىدېئالىزممۇ ياكى ئوپپورتونىزممۇ؟» ۋە «ھوقۇققا يۈرۈش قىلىش يولى: شېڭ شىسەي شىنجاڭدا تۇرغان دەسلەپكى بىر نەچچە يىل، 1930 — 1934»، دېگەن ماقالىلەر؛ «شەرق تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1969 ـ يىلى نەشر قىلىنغان 7 ـ توم 2 ـ سانىدا «باشباشتاقلىق ۋە مەركىزىي ھاكىمىيەت؛

(داۋامى 26 ـ بەتتە)

# دولان تارىخىغا دائىر ئىككى مەسىلە توغرىسىدا

مۇھەممەت ئوسمان

ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى بولغان دولانلىقلار ئۇزاق مەدەنىيەت تارىخىغا ۋە قىممەتلىك مەدەنىي مىراسلارغا ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

«دولان» سۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە دولانلىقلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى دولان تارىخىدىكى ئىككى مۇھىم مەسىلە. مەن دولان مەھەللىسىنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان ئاۋات ناھىيىسىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارىخىغا دائىر كىتاب، ماتېرىياللارنى قېتىرقىنىپ ئوقۇغان ۋە ناھىيىمىزنىڭ مەرىپەتپەرۋەر ھاكىمى ئابلەت ياقۇپنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشى ۋە شارائىت يارىتىپ بېرىشى بىلەن قەدىمىي دولان يۇرتىنىڭ خارابىلىرىنى، ئىزنالىرىنى ئاساسەن تەكشۈرۈپ چىققان ۋە دەسلەپكى قەدەمدە ئىزدەنگەن، مەن شۇ ئاساستا يۇقىرىقى ئىككى مەسىلە توغرىسىدا ئۆزەمنىڭ قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقماقچى، مۇناسىۋەتلىك يولداشلارنىڭ نامۇۋاپىق جايلىرىغا تەنقىد - تۈزىتىش بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## «دولان» سۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا

مېنىڭچە، «دولان» دېگەن سۆز «دولۇن» دىن كېلىپ چىققان. «دولۇن» دولانلىقلارنىڭ بۇندىن 1500 يىل ئىلگىرى بەيئەت قىلغان ھۆكۈمرانىنىڭ ئىسمى. قەدىمكى قەبىلىلەرنىڭ ئەسلىدىكى ئۇرۇق تەشكىلاتى يىمىرىلگەندىن كېيىن، ئۇلار رايونلارغا بۆلۈنگەن ۋە تەدرىجىي ئۇ رايونلارنىڭ نامى بارلىققا كەلگەن ھەم مۇقىملاشقان. بەزى قەبىلىلەرنىڭ نامى ئالايلۇق، دىڭلىڭلارنىڭ نامى يەر نامى سۈپىتىدە قوللىنىلغان. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرى — ئېگىز قاڭقىللار باشلىقلىرىنىڭ قايسى قوۋمدىن بولۇشىغا قارىماي ئۇنىڭ ئىسمىنى ئۆز قەبىلىسىنىڭ نامى قىلىپ ئاتاپ، ئۆزلىرىنى باشقا رايون ۋە قەبىلىلەردىن پەرقلەندۈرگەن. بۇنداق پەرقلەندۈرۈش بولۇپمۇ ئېگىز قاڭقىللارنىڭ بۈركلى قەبىلىسىنىڭ نامىدا ئېنىق بىلىنىدۇ، مەسىلەن، ئېگىز قاڭقىللارنىڭ كۆلۈكۈ قەبىلىسىگە بىخۇلى (بېكقۇلى) تۇنجى خان بولغاندا قەبىلىنىڭ نامى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بىغۇلى (بېكقۇلى) نىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان. بىغۇلى دۆلىتى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن، 391 - يىلى جۇجانلاردىن كۈلۈگۈ ئاكىسى دۆلۈن ۋە جىگۈيجى قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە شىمالىي ۋېي خانلىقىغا ئەسىر چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن قەبىلىلەرگە بۆلۈپ بېرىلدى، كۈلۈگۈ قاڭقىللارنىڭ بىر قەبىلىسىگە باشلىق بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇ قەبىلىنىڭ نامى كۈلۈگۈنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتىلىپ قاڭقىللارنىڭ كۈلۈگۈ قەبىلىسى مەيدانغا كەلگەن ①، كېيىن «ئۇيغۇر» دېگەن نام داۋاملىق «خۇيگۇ» دەپ ئاتالغاندىن باشقا، «ئارسلان ئۇيغۇرلىرى»، «شاجۇ ئۇيغۇرلىرى»، «شىجۇ ئۇيغۇرلىرى» قاتارلىق ناملار بىلەنمۇ ئاتالغان. «ئارسلان ئۇيغۇرلىرى» دېگەنناممۇ ئىدىقۇت خانى ئارسلاننىڭ ئىسمىدىن كەلگەن ②.

يۇقىرىقى مىساللار قەدىمكى قەبىلە ۋە خەلقلەرنىڭ ئۆزى ياشىغان رايوننىڭ نامىنى ياكى قەبىلە ئاقساقاللىرىنىڭ، خانلىرىنىڭ نام - ئىسمىنى ئۆزلىرىنىڭ نامى سۈپىتىدە قوللانغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

«دولانلىق» دېگەن نام جۇجانلارنىڭ خاقانى دۆلۈننىڭ نامىدىن كەلگەن بولسا كېرەك. مېنىڭچە، دولانلىقلار بۆلۈنۈپ چىققىشتىن ئىلگىرى دۆلۈن خانىنىڭ پۇقراسى بولغان. كېيىن ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ ئايرىلىپ چىقىپ ئاخىرىدا تارىم بوستانلىقىدىن ماكان تۇتقان. ئۇلار تىل، ئۆرپ - ئادەت، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ۋە تۇرمۇش شەكلى جەھەتتە ئەسلىدىكى يەرلىك قەبىلىلەردىن پەرقلىنىپ تۇرغان. شۇڭا يەرلىك كىشىلەر ئۇلارنىڭ تېگى - تەكتىنى سۈرۈشتۈرۈپ، ئەسلىدە دۆلۈن دۆلىتىگە قاراشلىق قەبىلىلەر ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇلارنى دۆلۈن تەۋەسىدىن كەلگەنلەر دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان دۆلۈنلۈقلار دېگەن نام بىلەن ئاتىغان. كېيىن دولانلىقلارمۇ بۇ نامنى

---

شىنىڭ شىمەي شىنجاڭدا، 1933 — 1944» دېگەن ماقالە ئېلان قىلىندى، ئامېرىكا كىملوردا شتاتى 1980 - يىلى نەشر قىلىنغان «ئۆت كوچا ئېغىزىدا تۇرۇۋاتقان جۇڭگو، 1927 - 1949» دېگەن كىتابقا قاراڭ. چەت ئەللەرنىڭ تەتقىقاتىغا دائىر ئەھۋاللارنى «چەت ئەللەرنىڭ شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىش ئەھۋالى» دىن كۆرۈڭ.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: بېيجىڭ تىل شۆيۈەنى تارىخ كافېدىراسى)

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابلەت نۇردۇن

قوللانغان. لېكىن دولانلىقلار «ئو» نىڭ ئورنىغا «ئا» نى ئالماشتۇرۇپ ئىشلەتكەچكە «دولۇنلۇق» دېيىشنىڭ ئورنىغا «دولانلىق» دەپ قوللانغان، مەسىلەن: دولانلىقلار «قوغۇن» دېگەننى «قوغان»، «ئوتۇن»نى «ئوتان»، «ئوغۇل» نى «ئوغال»، «موغۇل» نى «مەوغال»، «بولۇپ» نى «بولاپ»، «قىلدۇ» نى «قىلدا» دەيدۇ. دولانلىقلار شۇ سىددىكى بۆپەرقلەر يۇقىرىقى قارىشىمىزنى تىل جەھەتتىن ۋاستىلىق ھالدا ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

## دولانلىقلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى

مېنىڭچە، «دولانلىق» لار مىلادى 480 ـ يىللاردا تەختكە چىققان جۇجان خانى دولۇن دەۋرىدە جۇجانلاردا پاراكەندىچىلىك يۈز بېرىپ، جۇجان خانلىقى مالىمانلىشىپ كەتكەن چاغدا، دولۇندىن يۈز ئۆرۈپ بۆلۈنۈپ چىققان ئېگىز قاڭقىللارنىڭ بۈركىلى قەبىلىسىنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر.

«جۇجانلار ئەسلىدە سايىبلەرنىڭ بىر قەبىلىسى بولۇپ، توقبا تىللارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى»③، جۇجان دېگەن نام IV ئەسىرنىڭ دەسلەپىدە مەيدانغا چىقتى. ئېگىز قاڭقىللارنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشى جۇجانلارنىڭكىگە ئاساسەن ئوخشاتتى. جۇجانلار دەسلەپتە ئېگىز قاڭقىللارغا تايىنىش، كېيىن ئۇلارنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىش ئارقىلىق قۇدرەت تېپىپ، مىلادى 402 ـ يىلى جۇجان دۆلىتىنى قۇرۇپ موڭغۇل دالاسىدا ھۇن، سىيانپىلاردىن كېيىن كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ يەنە بىر قۇدرەتلىك ھاكىمىيىتىنى بارلىققا كەلتۈردى.

جۇجانلارنىڭ باشلىقى دولۇن 402 ـ يىلى ئۆزىنى قاغان دەپ ئاتىغاندىن باشلاپ 555 ـ يىلى تۈركلەر تەرىپىدىن يوقىتىلغانغا قەدەر جۇجانلار موڭغۇل دالاسىنى بىر يېرىم ئەسىر باشقۇردى. دولۇن ئۆزىنى قاغان دەپ ئېلان قىلغان چاغلاردا ئۇلارنىڭ زېمىنى شەرقتە چاۋشيەنگىچە، غەربتە كىنگىتنىڭ شىمالىغىچە كېڭەيگەن، دۇنخۇاڭ بىلەن جاڭيېنىڭ شىمالىنى مەركىزىي رايون قىلغان ئىدى. دولۇننىڭ بىر نەۋرە قېرىندىشى داتەن ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلىغان چاغلاردا جۇجانلارنىڭ غەربىي رايوندىكى ھۆكۈمرانلىق دائىرىسى تېخىمۇ كېڭىيىپ، «غەربتە ئىلى ۋادىسىنى ئىگىلەپ تۇرغان ياپبانلار④ چېگرىسىغا، جەنۇبتا قۇمۇل، قوچو، قانقىل، كىنگىت، كۇچا، ئاقسۇ قاتارلىق جايلارغا يېتىپ باردى»⑤.

جۇجانلارنىڭ جەنۇب تەرەپتە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئۆزلۈكسىز بېسىپ كىرىشتىن ئاشقىرى غەربىي رايونغا كېڭەيمىچىلىك قىلىشتىكى مەقسىتى، ئۆز-

www.uyghurkitap.com

لىرىنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن سودا يوللىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تالىشىپ ئوتتۇرىلىقتىكى سودا تىجارەت ئىشلىرىنى كونترول قىلىش ئىدى⑥. جۇجانلار ئۇدۇنغا بېسىپ كىرىپ ئىدى- قۇتنى كونترول قىلغانىدىلا، شىمالى يول بىلەن جەنۇبىي يولنىڭ ھەرئىككىسىنى قولغا كىرگۈزەلەيتتى. بۇ دەۋردىكى غەربىي رايوندىن ھەر قايسى ئەللەرگىچە تۇتىشىدىغان يىپەك يولى دەپ ئاتالغان سودا يولى قەشقەردىن خوتەن (ئۇدۇن)گە ئاندىن كىردىيە، چىرىيە، نىيە، لوپنۇر، چەرچەن، چارقىلىقلار ئارقىلىق كەڭسۇ (گەنسۇ) دىكى ئۇيغۇر يۇرتلىرىغا باراتتى.

يەنە بىرىسى قەشقەردىن يەركەن، مارالبېشى، ئاقسۇ، باي، كۇچا، قارا شەھەر، ئىدىقۇت، قۇمۇللار ئارقىلىق گەنسۇدىكى ئۇيغۇر يۇرتلىرىغا تۇتىشاتتى⑦.

460 - يىلى تۇرپان ئويمانلىقى پۈتۈنلەي جۇجانلار تەرىپىدىن ئىگەللىۋېلىندى. شۇنىدىن كېيىن «جۇجانلارنىڭ ئىدىقۇتقا بولغان كونتروللۇقى كۈچەيگەنلىكى ئۈچۈن كىنگىت، پىشامشان، كۈسەن ھەتتا ئۇدۇنمۇ قايتىدىن جۇجانلارنىڭ دائىرىسىگە ئۆتۈپ كەتتى»⑧.

«مىلادى 480 - يىللار داۋامىدا دولۇن خانلىقىغا ئولتۇرغاندىن كېيىن، جۇجان خانلىقى ھۆكۈمرانلىق گۇرۇھى ئىچىدىكى ئۆز ئارا پېتىشماسلىق ئېخمۇ كەسكىنلىشىپ، بىر- بىرىنى ئۆلتۈرۈش ۋە يۇتۇۋېتىش دەرىجىسىگە يەتتى. خەلق ئاممىسىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرىشى قوراللىق قوزغىلاڭغا تەرەققىي قىلدى. شۇنىڭ بىلەن پاراكەندىچىلىك يۈز بېرىپ، دۆلەتنى قالايمىقانلىشىپ كېتىش بىلەن قەبىلىلىرى تاراپ كەتتى. ھەممىدىن ئاۋۋال ئېگىز قاڭقىللارنىڭ يۇركلى (بېكقۇلۇ) قەبىلىسى قوزغىلاڭ كۆتۈردى⑨.

«ئېگىز قاڭقىللار — ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىنىڭ بىرى. ئېگىز قاڭقىللار ئەسلىدىكى تېيىلى (تورا) لاردىن قېپقالغان قوۋم بولۇپ، دەسلەپتە تېيىلى دەپ ئاتالغان. ئۇلارنى شىمالىي تەرەپتىكىلەر تېيىلى دەپ ئاتىسا، شىيالىقلار ئېگىز قاڭقىل ياكى دىڭلىڭ دەپ ئاتايتتى»⑩، «ئېگىز قاڭقىللار موڭغۇل دالى- سىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى ئالاھىدە جۇغراپىيىۋى مۇھىتتا كۆپىنچە ئېگىز چاقلىق ھارۋىلارغا ئولتۇرۇپ يول يۈرگەچكە، ئېگىز قاڭقىللار (ئېگىز ھار- ۋىلىقلار) دەپ ئاتالغان»⑪.

ئېگىز قاڭقىللار نۇرغۇن قوۋملەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ دى (دىل)، چىۇن (ئۇيغۇر)، كۇلۇگۇ، چاپىش، كەنكۈن، ئىچكىن قاتارلىق قەبىلىلىرى بولغان. ياكى ئۇچقىلى، تۇركىش، يىجان، دالان، كۇخ، داك (دابۇ)،

ئالون، مويۇن، ئېغىن، بېكتۇلۇ (بۇركلى)، يۇسىپى قاتارلىق 12 قوۋمغا بۆلۈنگەن. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇنىڭ تۇتۇلىك، خىتۇلىك، قۇلۇلىك، شۆگان، پۇتوران، سوفۇ، سوغۇيان، يۆچىن قاتارلىق باشقا قوۋملىرىمۇ بولغان[12]. مىلادى 399 ـ يىلى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ تۇنجى خانى داۋ ۋۇدى (توپاگۇي) نىڭ ھۇجۇمى بىلەن ئېغىر زەربىگە ئۇچراپ ئادەملەردىن ئايرىلىپ چارۋىلارغىچە ناھايىتى چوڭ چىقىم تارتقاندىن كېيىن، بىر قىسمى سېپىلنىڭ جەنۇبىدىكى ئىچكى موڭغۇل رايونلىرىغا، بىر قىسمى غەربكە كۆچۈپ كەتكەن. يەنە بىر قىسمى بايقال كۆلى ئەتراپلىرىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلغان.

مىلادى 429 ـ يىلى ۋېي شىزۇ بايقال كۆلى بويلىرىدا قېلىپ چارۋىچىلىق قىلىۋاتقان قاڭقىللارغا يەنە بىر قېتىم زەربە بېرىپ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنى موڭغۇل دالىسىنىڭ جەنۇبىغا كۆچۈپ ئولتۇراقلىشىشقا مەجبۇر قىلغان. ئىككى قېتىملىق ھۇجۇمدىن كېيىن شەرقىي قاڭقىللار ھەر تەرەپكە تارقىلىپ كەتكەن.

V ئەسىرنىڭ بېشىدا جۇجانلار زېمىن دائىرىسىنى كېڭەيتىپ نۇرغۇن كىچىك قەبىلىلەرنى ئۆزىگە قوشىۋالغان[13]. شۇنىڭ بىلەن جۇجانلار كۆچىپ موڭغۇل دالاسىنىڭ شىمالىدا دەۋران سۈرگەن چاغلاردا ئېگىز قاڭقىل قەبىلىلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى. ئۇلار جۇجان ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ زۇلۇمىغا تاقەت قىلالماي ھەمىشە قارشىلىق كۆرسەتتى[14].

جۇجانلار تۇرپان ئويمانلىقىدا ئېگىز قاڭقىللار بىلەن زېمىن تالىشىپ دەھشەتلىك ئۇرۇش قىلدى. ئالدى قاڭقىل خانلىقىنىڭ قارارگاھى يارغول شەھىرىدە بولۇپ، قوچوغا ناھايىتى يېقىن يەردە ئىدى[15]. تۇرپان ئويمانلىقى قاڭقىل خانىنىڭ تەسىرىدە ئىدى. قاڭقىللار تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ شىمالى ۋە غەربىي شىمالى تەرەپلىرىدىن تاكى تىيانشاندىكى يۇلتۇز يايلىقىنىڭ شەرقىي تەرەپلىرىگىچە بولغان جايلاردا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلاتتى. 460 ـ يىلى تۇرپان ئويمانلىقى جۇجانلار تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىنغاندىن كېيىن، ئېگىز قاڭقىللار قارا شەھەرنىڭ شەرقىي ۋە شەرقىي شىمالىي تەرىپىدىكى تاغلىق رايونلارغا كۆچۈپ، جۇجانلارنىڭ بېسىپ كىرىشىدىن مۇداپىئە كۆردى. 488 ـ يىلى قاڭقىللار بۈركلى قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئاۋۇزلو بىلەن ئىنىسى چۇڭچى قاڭقىللارنىڭ 100 مىڭدىن ئارتۇق قوۋمىنى باشلاپ ئىسيان كۆتۈرۈپ دولۇن دۆلىتىدىن ئايرىلىپ، ئېگىز قاڭقىللارنىڭ غەربىي شىمالىغا كۆچۈپ باردى ۋە بۈگۈنكى ئۈرۈمچى، جىمسار ئەتراپلىرىدا ئۆز ئالدىغا خانلىق قۇردى[16]. ئاۋۇزلۇ شىمال تەرەپكە، چۇڭچى جەنۇب تەرەپكە (قارا شەھەرگە)[17] جايلاشتى. شۇندىن كېيىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەڭرى تېغى بىلەن ئالتاي تېغىنىڭ ئارىلىقى يەنى جوڭغار ئويمانلىقى ۋە ئۇنىڭ غەربىدىكى جايلارنى ئىگىلەپ تۇردى. 491 - يىلى جەنۇبقا قاراپ يۈرۈش قىلىپ، جۇجانلار ئىشغال قىلغان ئىدىقۇت ھاكىمىيىتىنى يوقىتىپ، بۇ قاتناش تۈگۈنىنى ئۆز كونتروللۇقىغا ئالدى⑱.

«قاڭقىللارنىڭ ئىدىقۇتنى كونترول قىلغان ۋاقتى ئېفتالىتلار (ئاق ھۇنلار)نىڭ شەرققە قاراپ پائال ھەرىكەت قىلىۋاتقان ۋاقتى ئىدى. شۇڭا قاڭقىللارغا جۇجانلاردىن كېلىۋاتقان بېسىمغا بەرداشلىق بېرىشتىن باشقا، غەرب تەرەپتە ئېفتالىتلارغا قارشى تۇرۇشقا توغرا كەلدى ⑲.

ئىدىقۇت جۇجانلار قولىدىن قاڭقىللارغا ئۆتكەندىن كېيىن، ئېفتالىتلار ئىدىقۇتنى قولغا كىرگۈزۈپ جۇجانلارنىڭ تەسىركۈچىنىڭ غەربكە كېڭىيىشىنى چەكلەپ سودا يولىنىڭ راۋانلىقىنى ساقلاپ قالماقچى بولدى. ئېفتالىتلار كىنگىتنى بېسىۋېلىپ، چۇڭچىنى ئۆلتۈرگەن، ئوغلىنى ئەسىر ئالغاندىن كېيىن كىنگىت خەلقى تاراپ كەتتى بەزىلىرى يا ئېفتالىتلارغا بېقىندى يا جۇجانلارغا تەسلىم بولدى ... ئاۋۋۇلۇ زالىم بولغانلىقتىن، خەلقىنىڭ رايى يېنىپ، كۆپچىلىك ئۇنى ئۆلتۈرۈپ ئۆز ئىچىدىن بالياننى خان قىلىپ تىكلىدى. يىل ئۆتۈپ، ئېفتالىتلار قاڭقىللار ئۇستىگە يۈرۈش قىلدى.»⑳ شۇنىڭ بىلەن ئېفتالىتلار قاڭقىللارنىڭ خانلىق تەختىنى تۇنجى قېتىم ئىدارە قىلدى. چۇڭچىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئېفتالىتلارغا بېقىنغان ياكى جۇجانلارغا تەسلىم بولغانلاردىن باشقا، يەنە بىر قىسىم قاڭقىللار ئۆز ئالدىغا ماكان ئىزدەپ، كىنگىت ئەتراپىدىن كۆچۈپ غەربىي يول بىلەن ئاقسۇدىن ئۆتۈپ چوڭ يول ئۈستىدىكى بوستانلىققا — دولان يۇرتىغا يېتىپ بارغان. بۇ بوستانلىقنىڭ سۈيى مول، توغرىقى غول، يايلىقى كەڭ، يەرلىرى مۇنبەت، ئوتۇنى بار ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە، بۇجاي يولوچىلار كېلىپ-كېتىپ تۇرىدىغان ئۆتكەل، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، ئوۋچىلىققا باپ كېلىدىغان ياخشى ماكان ئىدى.

قاڭقىللار دولان يۇرتىغا كەلگەندىن كېيىن ماكانلىشىپ، يەرئۆزلەشتۈرۈپ، تېرىقچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن. ئۇلار ئېفتالىتلارنىڭ زەربىسىدە چارۋىلاردىن ئايرىلغانلىقى ئۈچۈن، كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلالماي دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا مەجبۇر بولغان. «ئۇيغۇرلار مىلادىدىن ئىلگىرىلا ئىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋەشىمالىغا تارقالغانىدى» ㉑. «7 ئەسىردىن كېيىن تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردا تۇرالار، ئۇيغۇرلار خېلى كەڭ كۆلەمدە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن.» كۆچمەن قاڭقىللار قوشنا رايونلارغا تونۇلغان ۋە ئۇلار

بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغان. ئۇلار ئۇيغۇرلار بىلەن بىر قوۋم، تىل ئۆرپ-ئادەت، دىنىي جەھەتلەردە ئورتاقلىققا ئىگە بولسىمۇ، بەزى جەھەتتە ئۆزگىچىلىككە ئىگە ئىدى. جۈملىدىن ئۇلار ئەزەلدىن مەدەنىيەت جەھەتتە ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، ھۈنەر - سەنئەت جەھەتلەردە قوشنا خەلقلەرگە زور تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇلار ئۇسسۇل - سەنئەتتە داڭ چىقارغاچقا، قوشنا يۇرت خەلقلىرىمۇ ئۇلاردىن ئۆگىنىپ، شۇلارنىڭ مۇقامىنى توۋلىغان، شۇلارنىڭ ئۇسسۇلىنى ئوينىغان. ئۇلار ئەسلىدە دولۇننىڭ تەۋەلىكىدە بولغاچقا، يەرلىك قەبىلىلەر ئۇلارنىڭ تېگى - تەكتىنى سۈرۈشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ دولۇننىڭ تەۋەلىكىدىن كەلگەنلىكىنى ئىپادىلەپ، ئۇلارنى «دولۇنلۇقلار» دەپ ئاتىغان. كېيىنچە «دولۇن» دېگەن نام دولۇنلىقلارنىڭ تىل ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن دولانلىقلار (دولان) دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغان بولغان.

ئىزاھات:

---

① «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ئىچكى ژۇرنىلى 1987 - يىل 8 - سان، 29 -، 35 - بەتلەرگە قاراڭ.

② «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1986 - يىل 2 - سان، 135 - بەتكە قاراڭ.

③ «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 135 - بەت.

④ ياپپانلار - ھۇنلارنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، ئۆرپ-ئادىتى، تىلى ئېگىز قاڭقىللارنىڭكىگە ئوخشايدۇ.

⑤ «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 135 - بەت.

⑥ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى «1986 - يىل 4 - سان، 105 - بەتكە قاراڭ.

⑦ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ئىچكى ژۇرنىلى 1984 - يىل 4 - سان، 24 - بەت.

⑧ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1986 - يىل 4 - سان، 125 - بەت.

⑨ «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 141 - بەت.

⑩⑪ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ئىچكى ژۇرنىلى 1985 - يىل 11 - سان.

⑫ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ئىچكى ژۇرنىلى، 1987 - يىل 8 - سان، 28 - بەت.

⑬ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ئىچكى ژۇرنىلى، 1985 - يىل 11 - سان 7 - بەت.

(ئىزاھلارنىڭ داۋامى 33 - بەتتە)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# يەركەن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خانلىرى

يۈسۈپجان ياسىن

تۆمۈرنىڭ 6 - ئەۋلاد نەۋرىسى بابۇر① ئاتىسىنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ تاشكەنت بېگى بولغاندىن كېيىن، 1497 - يىلى ئەسكەر چىقىرىپ «تۆمۈرلەر ئىمپېرىيىسى» نىڭ پايتەختى سەمەرقەنتنى ئىگىلەپ، بۇ شەھەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان بىر نەۋرە ئاكىسىنى قوغلاپ چىقىرىدۇ. ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەي سەمەرقەنتتىن قوغلاپ چىقىرىلغان بابۇرنىڭ بىر نەۋرە ئاكىسى ئۆزبېكلەرنىڭ ياردىمى بىلەن بابۇرغا ھۇجۇم قىلىپ بابۇرنى سەمەرقەنتنى تاشلاپ كېتىشكە مەجبۇر قىلىدۇ، 1510 - يىلى بابۇر سافاۋىت بېگى بىلەن ئۆزبېكلەر بېگى ئوتتۇرىسىدا كۈرەش بولۇۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، سافاۋىت بېگى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن سەمەرقەنتنى قايتۇرۇۋالىدۇ. 1511- يىلى 10 - ئايدا ئۆزىنى «سەمەرقەنت پادىشاھى» دەپ جاكارلايدۇ. ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتۈپ، بابۇرنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى سەئىد بابۇرنىڭ ھەربىي ياردىمىگە تايىنىپ قەشقەرگە يۈرۈش قىلىپ، 1466 - يىلى ئىلبالىق خانلىقىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، ئۆزىنى «قەشقەر سۇلتانى» دەپ ئاتاپ، قەشقەر، يەركەن، خوتەن قاتارلىق جايلارغا 48 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان مىرزا ئابابەكرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ، يەركەننى مەركەز قىلغان «يەركەن ئۇيغۇر خانلىقى» نى قۇرىدۇ.

بۇ خانلىقنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرىدىكى زېمىن دائىرىسى شەرقتە قۇمۇلدىن باشلىنىپ غەربتە بەدەخشانغىچە، شىمالدا ئىسسىق كۆل بويلىرىدىن جەنۇبتا تۆبۈت (شىزاڭ) غىچە كېڭەيگەن، 1682 - يىلى ئاق تاقىيەلىكلەر (ئاق تاغلىقلار) نىڭ ئاقساقىلى خوجا مۇھەممەت يۈسۈپنىڭ ئوغلى «ئاپپاق خوجا »② جۇڭغار خانى غالدانىنىڭ ياردىمى بىلەن بۇ خانلىقنى ئاغدۇرۇپ «خوجىلار ھاكىمىيىتى» نى تىكلىگەنگە قەدەر بۇ خانلىقتا 11 خان تەخت سورىغان، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

سەئىدخان: (1486 - يىلدىن 1533 - يىلغىچە ياشىغان) ئىلبالىق خانلىقى دەۋرىدىكى تۇرپان ۋالىسى سۇلتان ئەخمەتخاننىڭ 3 - ئوغلى بولۇپ، 1514- يىلىدىن باشلاپ 20 يىل تەختتە ئولتۇرغان.

1533 - يىلى سەئىدخان ۋاپات بولۇپ چوڭ ئوغلى ئابدۇرىشىتخان (1510- يىلىدىن 1559 - يىلغىچە ياشىغان) تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ 27 يىل خان بولغان.

1559 - يىلى ئابدۇرەشىتخان ۋاپات بولۇپ 2 - ئوغلى ئابدۇكېرىمخان (1531 - يىلدىن 1593 - يىلغىچە ياشىغان) ئابدۇرەشىتخاننىڭ ئورنىغا تەختكە چىقىپ 33 يىل تەختتە ئولتۇرغان . ئەمما ئابدۇكېرىمخاننىڭ قايسى يىلى تەختكە چىققانلىقى توغرىسىدىكى قاراشلاردا پەرق بار: مۇھەممەت سادىق قەشقەرى: «تەزكىرى خوجىگان» دا، مەخمۇت جوراس «تارىخىي رەشىدى» (زەيلى) دە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئابدۇرەشىتخان 37 يىل تەختتە ئولتۇرۇپ 1570 - يىلى كېسەل بىلەن ۋاپات بولدى. ئابدۇرەشىتتىن كېيىن ئوغلى ئابدۇكېرىمخان تەختكە چىقتى.» موللا مىرسالىھ قەشقەرى: «چىڭگىز نامە» دە، موللا موسا سايرامى: «تارىخى ھەمىدىيە» دە، زامانىمىزدىكى تارىخچى نىزامىدىن ھۈسەيىن «كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تارىخى ئوچېرىكلىرى» ③ دېگەن ماقالىسىدە ئابدۇكېرىمخان 34 يىل خانلىق تەختىدە ئولتۇرغان دەپ كۆرسىتىدۇ ۋە ئابدۇكېرىمخان 1559 - يىلى تەختكە چىققان دەپ مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ .

1595 - يىلى ئابدۇكېرىمخان ۋاپات بولۇپ، ئابدۇرەشىتخاننىڭ 5 - ئوغلى مۇھەممەتخان (1539 - يىلدىن 1611 - يىلغىچە ياشىغان) ئاكىسىنىڭ ئورنىغا تەختكە چىقىپ 18 يىل خان بولغان .

1611 - يىلى مۇھەممەتخان ۋاپات بولۇپ، تەختكە يالغۇز ئوغلى ئەخمەتخان (1570 - يىلدىن 1620 - يىلغىچە ياشىغان) ۋارىسلىق قىلىپ، 9 يىل خانلىق تەختىدە ئولتۇرغان.

1620 - يىلى ئەخمەتخان ۋاپات بولۇپ ئورنىغا 2 - ئوغلى ئابدۇلتېپخان④ (1605 - يىلدىن 1630 - يىلغىچە ياشىغان) تەختكە چىقىپ 10 يىل خان بولغان. بۇ يەردە مۇنۇ مەسىلىنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ: ليۇجېشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: مۇھەممەتتىن كېيىن ئۇنىڭ

---

⑭⑮ «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 139 -، 142 - بەتلەر.

⑯⑰ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1986 - يىل 4 - سان 131 -، 132 - بەتلەر.

⑱⑲ «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 142 — 143 - بەتلەر.

⑳ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1986 يىل 4 -سان 133 - بەت.

㉑ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى» ئىچكى ژۇرنىلى 1985 - يىل11 -سان، 5-بەتكە قاراڭ.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: ئاۋات ناھىيىلىك سودا ئىدارىسى)

www.uyghurkitap.com

ئوغلى ئەخمەتخان ئازغىنا ۋاقىت ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدۇ، كېيىن يەركەن خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنى يەنە ئابدۇرىشىتخاننىڭ ئوغۇللىرى تەرەپكە ئۆتتى. ئابدۇلتىپ ئابدۇرىشىتخاننىڭ 4-ئوغلى بولۇپ، جۇڭغارلار ئۇنى «ئاپپاق خان» دەپ ئاتايتتى.

بۇ يەردە يەنە شۇ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەككى، ليۇجۇشياۋ تىلغا ئالغان ئابدۇلتىپخان ئابدۇرىشىتخاننىڭ 4-ئوغلى بولماستىن، تۇنجى ئوغلى بولۇپ ئابدۇرىشىتخاندىن بۇرۇن ئالەمدىن ئۆتكەچكە، ئابدۇرىشىتخان تەختكە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىنى ئابدۇكېرىمخانغا قالدۇرغان. يەنە شۇ مەسىلە ئايدىڭ بولسۇنكى، ئەخمەتخاندىن كېيىن تەختكە چىققان ئابدۇلتىپخان ئابدۇرىشىتخاننىڭ ئوغلى بولماستىن، بەلكى ئەخمەتخاننىڭ 2-ئوغلى.

1630-يىلى ئابدۇلتىپخان ۋاپات بولۇپ تەختكە تۆمۈرخاننىڭ ⑤ چوڭ ئوغلى پولاتخان (1611-يىلدىن 1638-يىلغىچە ياشىغان) تەختكە چىقىپ 3 يىل خان بولغان. 1633-يىلى پولاتخان خانلىق تەختىدىن قالدۇرۇلۇپ، ئورنىغا تۆمۈرخاننىڭ 2-ئوغلى سۇلتان مەخمۇتخان ⑥ (1614-يىلدىن 1636-يىلغىچە ياشىغان) خان بولۇپ 3 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان.

1636-يىلى سۇلتان مەخمۇت ۋاپات بولۇپ پولاتخان قايتا تەختكە چىقىپ 2 يىل خان بولغان. دېمەك، پولاتخان ئىلگىرى-ئاخىرى بولۇپ 5 يىل تەختتە ئولتۇرغان.

1638-يىلى پولاتخان ۋاپات بولۇپ خانلىق تەختكە ئابدۇرەھىمخاننىڭ ⑦ چوڭ ئوغلى ئابدۇللاخان (1602-يىلدىن 1669-يىلغىچە ياشىغان) تەختكە چىققان ۋە 30 يىل خان بولغان، بۇ يەردە يەنە بىر قانچە مەسىلىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ئەدىب ئابدۇكېرىم راخمان 1638-يىلى تەختكە چىققان ئابدۇللاخاننى ئابدۇرىشىتخاننىڭ كىچىك ئوغلى ⑧ دەپ يازىدۇ، ليۇجۇشياۋ بولسا «ئۇيغۇر تارىخى» دا، «ئابدۇرەھىم سۇلتان ئابدۇرىشىتخاننىڭ 9-ئوغلى ئىدى. ئابدۇلتىپ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا كۈيئوغلى مۇھەممەت بىر مەھەل خان بولدى. ئۇ كىشى ئۆلگەندىن كېيىن ئابدۇللا ئىسىملىك بىر كىشى ئولتۇردى. ئابدۇللا تۇرپات ھۆكۈمرانى ئابدۇرەھىمنىڭ ئوغلى ئىدى» دەيدۇ، ئۇ كىتابتا يەنە «ئابدۇللا 1627-يىلى خان بولدى، 32 يىل تەخت سوردى، 1665-يىلغا كەلگەندە يەركەندىن ئايرىلىپ ھىندىستان ئارقىلىق مەككىگە كەتتى» دېيىلىدۇ. تارىخچى نىزامىدىن ھۈسەيىن «كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي ئوچېركلىرى »⑨ دېگەن ماقالىسىدە «ئابدۇللاخان

1639 - يىلىدىن 1652 - يىلىغىچە خان بولدى» دەپ يازىدۇ؛ ئابدۇكېرىم راخمان، لىۋجۇشياۋ ۋە نىزامىدىن ھۈسەيىن قاتارلىقلارنىڭ يۇقىرىدىكى قاراشلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئىككى مەسىلىنى كۆرسىتىپ ئۆتسەك ئارتۇقلۇق قىلماس، بىرى، ئابدۇرىشىتخاننىڭ 12 ئوغلى تۆۋەندىكىچە:

تۇنجى ئوغلى ئابدۇللەتىپ سۇلتان ؛

2-ئوغلى ئابدۇكېرىمخان؛

3 - ئوغلى ئابدۇرەھىم سۇلتان (ئابدۇرەھىم سۇلتان 18 يېشىدا ئىبەتكە بېرىپ شېھىت بولدى )؛

4- ئوغلى سۇلتان ئىبراھىم؛

5- ئوغلى مۇھەممەتخان؛

6 - ئوغلى ئەبۇ سەئىدخان؛

7 ئوغلى قەرەمىش سۇلتان؛

8 - ئوغلى مۇھەممەت باقى سۇلتان؛

9- ئوغلى مۇھەممەتشاھ سۇلتان؛

10- ئوغلى يۇنۇس سۇلتان؛

11- ئوغلى ئەبەيدۇللا سۇلتان؛

12- ئوغلى ئابدۇرەھىمخان⑩.

يەنە بىرى، تارىخشۇناس ئەنۋەر بايتۇر «ئاپپاق خوجا ھەققىدە»⑪ دېگەن ماقالىسىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئابدۇللاخان 1638 - يىلى تەختكە چىقىدۇ، 1668 - يىلىغا كەلگەندە ئاپپاق خوجا گۇرۇھى تەرىپىدىن تەختتىن چۈشۈرۈلۈپ چېگرىدىن قوغلاپ چىقىلغان ».

مۇللا مىرسالىھ قەشقەرى «چىڭگىزنامە» دە مۇنداق دەپ يازىدۇ : «پولات-خاندىن كېيىن ئابدۇللاخان خان بولدى. ئابدۇللاخان، پازىل، ھېكمەتلىك، شوجائى (باتۇر) ۋە بەخشەندە دىلبەرخان ئىدى. تەمام موغۇلىيىگە 32 يىل خانلىق قىلدى. 67 يىل ئۆمۈر كۆردى».

1668 - يىلى ئاپپاق خوجا گۇرۇھى ئابدۇللاخاننى تەختتىن چۈشۈرۈپ چوڭ ئوغلى يولۋاسخان (1629 - يىلدىن 1670 - يىلىغىچە پاشىخان) نى تەختكە چىقىرىدۇ. يولۋاسخان تەختكە چىقىپ ئىككى يىلدىن كېيىن، يولۋاسخاننىڭ زالىم ھۆكۈمرانلىقىغا چىدىمىغان خەلق يولۋاسخاننى ئۆلتۈرۈپ ئىسمايىلخاننى تەختكە چىقىرىدۇ. ئىسمايىلخان ئابدۇرەھىمخاننىڭ 5 - ئوغلى بولۇپ، 1670 - يىلدىن 1682 - يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئەمما تارىخچىلاردا ئىسمايىل توغرىسىدا ئوخشىمىغان قاراشلار بار:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ليۇجۇشيا ۋ «ئۇيغۇر تارىخى» دېگەن كىتابىتا، ئەنۋەر بايتۇر «ئاپپاق خوجا ھەققىدە »⑫ دېگەن ماقالىسىدە «ئىسما يىلخان ئابدۇللاخاننىڭ 3- ئوغلى» دەپ؛ ئابدۇكېرىم راخمان «يەركەن خانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىيات سەنئىتى»⑬ دېگەن ماقالىسىدە «ئىسما يىلخان ئابدۇللاخاننىڭ ئىنىسى ئىدى» دەيدۇ؛ موللامىرسالىھ قەشقەرى بولسا: «چىڭگىزنامە» دە، ئىسما يىلخان ئابدۇرەھىمخاننىڭ 5- ئوغلى ئىدى دەپ كۆرسىتىدۇ، «چىڭگىزنامە» دە، يەنە «ئىسما يىلخان بىر يىل ۋە تۆت ئاي ئاقسۇغا ، 12 يىل يەركەنگە خان بولدىلەر، 56 يىل ئۆمۈر كۆردىلەر» دېيىلىدۇ .

قىسقىسى، مۇللا مىرسالىھنىڭ يۇقىرىقى بايانىغا ئاساسەن ئىسما يىلخاننى ئابدۇللا خاننىڭ ئىنىسى دەپ كېسىپ ئېيتالايمىز .

دېمەك، 168 يىل ھۆكۈم سۈرگەن « يەركەن ئۇيغۇر خانلىقى» 1682- يىلى ئاپپاق خوجا تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلۇپ، ئورنىغا «خوجىلار ھاكىمىيىتى» تىكلەنگەن.

ئىزاھات:

① بابۇر (1483 - 1530- يىلىغىچە ياشىغان)، 1505- يىلىدىن باشلاپ ھىندىستانىغا تۆت قېتىم يۈرۈش قىلغان، 1525 - يىلى ھىندىستانغا قىلغان 4- قېتىملىق يۈرۈشتىن كېيىن 1526 - يىلى ھىندىستاندا (1526 - يىلىدىن 1761- يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) بابۇر خانلىقىنى قۇرغان.

② ئاپپاق خوجىنىڭ ئەسلى ئىسمى ـــ ھىدايىتۇللا ئىشان، «ئاپپاق» دېگەن بۇ شەرەپ ئۇنۋانىنى جۇڭغار خانى باتۇر قۇنتەيجى بەرگەن.

③ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 88- يىل 1-، 2-،3-، 4-، 5-، 6- سانلىرى.

④ ئابدۇلتىپخان يەنە «ئاپپاق خان» مۇ دېيىلىدۇ.

⑤ تۆمۈرخان ـــ ئەخمەتخاننىڭ چوڭ ئوغلى .

⑥ سۇلتان مەخمۇتخان يەنە « قىلىچخان» دەپمۇ ئاتالغان.

⑦ ئابدۇرەھىمخان ئابدۇرشىتخاننىڭ 12 - ئوغلى.

⑧⑬ «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» 83- يىل 3- سان.

⑨ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 88- يىل 1- سان.

⑩ موللا مىرسالىھنىڭ «چىڭگىزنامە» دىن.

⑪⑫ « سىفەن داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» 87- يىل 3- سان.

# ھازىرقى زامان رەھبەرلىك سەنئىتى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە

ئېلى قاسىم

## 1 . تاسادىپىي تەپەككۇر بولۇشى كېرەك

ۋاقىتتىن توغرا پايدىلىنىش — رەھبەرلىك سەنئىتى، زېھنى كۈچنى مۇۋاپىق تەقسىملەش — رەھبەرلىك ئىلمى. تەپەككۇر ئىلمى توغرىسىدىكى تەتقىقاتقا ئاساسلانغاندا، ئادەم تەپەككۇرى ئوبرازلىق تەپەككۇر (بىۋاستە سېزىملىق تەپەككۇر)، ئابستراكت تەپەككۇر (لوگىكىلىق تەپەككۇر) دىن باشقا يەنە، ئۇنىڭدىنمۇ يۇقىرى قاتلاملىق تەپەككۇر — تاسادىپىي تەپەككۇرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. جۇئېنلەي زۇڭلى بۇنىداق تەپەككۇر مېخانىزمىنى «ئۇزاق مۇددەت پىكىر يۈرگۈزۈش، تۇساتتىن ئەقىل تېپىش» دېگەن سۆزگە مۇجەسسەملەشتۈرگەنىدى.

تۇساتتىن ئەقىل تېپىش ئادەمنىڭ تولۇق ۋە ئاكتىپ پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. بىرەر رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئادا قىلىش ئۈچۈن، بىرىنچىدىن، زور بۆسۈش ھاسىل قىلىش لازىم. ئىككىنچىدىن، چوڭ سەۋەنلىكتىن خالىي بولۇش كېرەك. تەپەككۇر ئىلمىي نۇقتىسىدىن قارىغاندا، رەھبەرلىك خىزمىتىدە زور بۆسۈش ھاسىل قىلىش ئۈچۈن، تاسادىپىي تەپەككۇر بولۇشى كېرەك. چوڭ سەۋەنلىك سادىر قىلماسلىقتا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشمۇ تاسادىپىي تەپەككۇرغا باغلىق. دېمەك، تاسادىپىي تەپەككۇر ئۈنۈملۈك رەھبەرلىك قىلىشنىڭ مۇھىم قورالى.

ئۇزاق مۇددەت پىكىر يۈرگۈزۈپ جاۋاب تاپالمىغان مەسىلىگە تاماق يەپ ئولتۇرۇپ جاۋاب تېپىش مۇمكىن؛ ئۇزاق مۇددەت باش قاتۇرۇپمۇ جاۋاب تاپالمىغان چىگىش مەسىلىگە ئاپتوۋۇزدا كېتىۋېتىپ بىردىنلا جاۋاب تېپىش مۇمكىن. تاسادىپىي تەپەككۇرنىڭ كارامىتى ئەنە شۇنداق زور بولىدۇ. مۇندىن 2000 نەچچە يىل ئىلگىرى ياشىغان قەدىمكى زامان ئالىمى ئارخىمېد جىسىملارنىڭ لەيلەش قانۇنىيىتىنى تەكشۈرۈشتىن ئىبارەت ماتېماتىكىلىق سوئالغا زادىلا جاۋاب تاپالمىغان، ئەمما مېڭىسىنى بىردەم ئارام ئالدۇرۇش ئۈچۈن مۇنچىغا چۈشكەندە، جىسىملارنىڭ سۇدا لەيلەش قانۇنىيىتى

www.uyghurkitap.com

بىردىنلا ئېسىگە چۈشكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خۇشاللىقىدىن كىيىملىرىنى كىيىشنىمۇ ئۇنتۇپ يۈگۈرگىنىچە سىرتقا چىقىپ: «تاپتىم! تاپتىم!» دەپ ۋارقىراپ كەتكەن. ھازىر غەربىي ياۋروپا ئەللىرى بىرلىشىپ يولغا قويۇۋاتقان يۇقىرى تېخنىكا پىلانىنىڭ نامى «يۇرىكا» دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ قەدىمىي يۇنان تىلىدا «تاپتىم» دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، تاسادىپىي تەپەككۇر دېگەن مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بەزى كىشىلەر تاسادىپىي تەپەككۇرغا سازاۋەر بولغان ئالىملار ۋە رەھبەرلەردىن كۆپ قېتىم سوئال سوراپ تەكشۈرگەن، ئەمما ئالغان جاۋابى ھەر خىل بولغان: بەزىلەر تاسادىپىي تەپەككۇر سەيلىگە چىققاندا كېلىدۇ دېسە، بەزىلەر تاماققا ئولتۇرغاندا كېلىدۇ دېگەن؛ بەزىلەر ئاپتوۋۇزغا چۈشكەندە كېلىدۇ دېسە، بەزىلەر ئۇخلاۋېتىپ چۈش كۆرگەندە كېلىدۇ، دېگەن؛ يەنە بەزىلەر بولسا قىز بالىسىنى يېتىلەپ سەيلىگە چىققاندا تاسادىپىي تەپەككۇرغا ئىگە بولغانلىقىنى ئېيتقان، ئەنە شۇنداق ھەر خىل - ھەر ياڭزا جاۋابلارنى توپلاپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغانلارمۇ بىر تاسادىپىي ئىلھامغا ئىگە بولۇپ، قارىماققا قانۇنىيەتسىز تۇيۇلغان بىر تالاي ھادىسىلەر ئىچىدىن بىر قانۇنىيەتنى يەكۈنلەپ چىققان، يەنى تاسادىپىي تەپەككۇرنىڭ تاسادىپىي تەپەككۇرغا ئىگە بولۇشنى كۈتمىگەن باشقا بىر يەردىن كېلىدىغانلىقىنى بىلگەن.

مانا بۇ رەھبىرىي يولداشلارغا شۇنى ئۆگىتىدۇكى، ئەتىدىن كەچكىچە ئىش دۆۋىسى ئىچىدە پايىپىتەك بولۇپ يۈرۈپ، تەپەككۇر قىلمايدىغانلارغا ئايلىنىپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلىشى كېرەك. ئەگەر رەھبىرىي يولداشلار بۇنىڭغا دىققەت قىلمىسا، رەھبەرلىك خىزمىتى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم بولغان تاسادىپىي تەپەككۇرغا ئىگە بولۇش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويىدۇ. يولداش چېن يى بىر شېئىرىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئىرادىلىك كىشىلەر قىسقا دەيدۇ كۈندۈزنى بەك، ئىشقىۋاز سەۋدايىلارغا كېچە - كۈن ئاسمان - پەلەك. مەن ئۈچۈن ھېچگەپ ئەمەس ۋاقىت دېگەن، بوش ۋاقىت مەندە ئۆتەر ئاتقان ئوقتەك.»

بۇ شېئىر قاتىلاڭچىلىق بىلەن ئارىسالدىلىقنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتىنى ئوبرازلىق ۋە چوڭقۇر چۈشەندۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تاسادىپىي تەپەككۇرنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىدىكى مۇھىملىقىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

## 2. «مەن ئۇنىڭغا يەتمەيمەن» دەيدىغان رەھبەرلەردىن بولۇش لازىم

ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي يولداشلار ئىختىساسلىق كىشىلەرنى بايقاشقا، ئىشقا سېلىشقا ماھىر بولۇشى، ئۇلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنى چىڭ تۇ-تۇشى لازىم. بۇ دەۋر تەرەققىياتى ئوتتۇرىغا قويغان جىددىي مەسىلە. مەملىكىتىمىزنى زامانىۋىلاشتۇرۇش جەريانى — رىقابەت جەريانى، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش جەريانى، قوغلاپ يېتىشىۋېلىش جەريانى. ئىلىم - پەننى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش، جەمئىيەتنى ئىلىم - پەنلەشتۈرۈش دەۋر خۇسۇسىيىتىگە ئايلانغان بۈگۈنكى كۈندە، زامانىۋى رىقابەتنىڭ ماھىيىتى پەن - تېخنىكا ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش جەھەتتىكى رىقابەتتىن ئىبارەت. ھالبۇكى، پەن - تېخنىكا ئىقتىدارىنى يۇكسەلدۈرۈشتە، ئىگىلىك باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتە پۈتۈنلەي ئىختىساسلىق كىشىلەرگە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. ئىختىساسلىق كىشىلەرنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى بولسا ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ قولىدا تۇتۇغلۇق. بىز ھەممىشە رەھبەرلىك قىلىش مۇلازىمەت دېمەكتۇر دەيمىز، بۇ رەھبەرلىك قىلغۇچىلارنىڭ خىزمىتى، ھەقىقەتتە پۈتكۈل رەھبەرلىك پائالىيىتى پۈتۈنلەي ئىختىساسلىق كىشىلەرنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا قارىتىلىشى كېرەك دېگەن سۆز.

ئىختىساسلىق كىشىلەرنى قانداق بايقاش مەسىلىسىگە كەلسەك، بىرتەرەپتىن، رەھبەرلىك خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، رەھبىرىي كادىرلار ماكىرو ئىقتىسادشۇناسلىقتىن ئاز - تولا خەۋەردار بولۇشى لازىم؛ يەنە بىر تەرەپتىن، خىزمەت ئەمەلىيىتىدە كىشىلەرنى ئىختىساسلىق كىشىلەردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈشنىڭ ۋە ئىختىساسلىق كىشىلەرنى ئىشقا سېلىشنىڭ قانۇنىيىتى ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ ئىزدىنىشى كېرەك.

ئىختىساسلىق كىشىلەر دېگەن سۆز قابىلىيەتلىك كىشىلەر ۋە كىشىلەرنىڭ قابىلىيىتىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپتىكى مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭلاشقا، رەھبىرىي يولداشلار ئىجاد قىلىش ئىقتىدارى بار ۋە يېڭىلىق يارىتىش روھىغا ئىگە كىشىلەرنى تېپىشقا ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆز قارىمىقىدىكىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە ئارتۇقچىلىقىنى بايقاش ۋە جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

رەھبىرىي يولداشلار كىشىلەرنى كۆزەتكەن، ئۇلارغا باھا بەرگەن، ئۇلارنى تاللىغان ۋە ئىشقا سالغان ۋاقىتتا، ھەممىدىن ئاۋۋال ئۇلارنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئارتۇقچىلىقىنى كۆزىتىشى، مۇئەييەنلەشتۈرۈشى، ئارتۇقچىلىق تەرىپىگە تولۇق
دىققەت قىلىشى لازىم. بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەيدىغان، ئارتۇق-
چىلىق ۋە ئالاھىدىلىك جەھەتتە ئۆزىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان، ئۆزىنى بېسىپ
چۈشىدىغان كىشىلەرنى بايقاشقا ۋە ئۇلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلى-
دۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ رەھبەر-
لىك كۈچى ئاشىدۇ-دە، رەھبەرلىك خىزمىتى چوقۇم مۇۋەپپەقىيەتلىك
بولىدۇ. ئامېرىكىدا كانېگى دېگەن بىر كارخانا خوجايىنى بولغان. ئۇ ئۆزى-
نىڭ نام-شۆھرىتى بولمىغان بىر ھۈنەرۋەنچىلىك دۇكىنىنىڭ خوجايىنىدىن بىر
سەكرەپلا دۇنياغا مەشھۇر پولات-تۆمۈر كارولىغا ئايلانغانلىقىدىكى سەۋەبنى
يەكۈنلەپ، ئادەم ئىشلىتىش ماھارىتىنىڭ ئاچقۇچلۇق رولىنى سەمىمىي ھالدا
تىلغا ئالغان. ئۇ ئۆزىنىڭ ھۈنەر-كەسىپ جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيىتىنى خا-
تىرىلەش ئۈچۈن، ئۆزىگە ئالدىن تەييارلاتقۇزۇلغان قەبرە تېشىغا يادنامە
يازدۇرغان. كانېگىنىڭ قەبرە تەزكىرىسى مۇنداق يېزىلغان: «بۇ يەردە مەڭگۈ-
لۈك ئۇيقىدا ياتقان بىر كىشى ئادەتتىكى بىر بوۋاي. ئۇنىڭ بىردىنبىر ئارتۇقچىلىقى
ئۆزىنى بېسىپ چۈشىدىغان ئىختىساسلىق كىشىلەرنى ئۆز ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇپ
ئىش ئېلىپ بېرىش ئىدى.» روشەنكى، كانېگى باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى باي-
قاش ۋە ئىختىساسلىق كىشىلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشقا ئەھمىيەت بېرىپلا قالماس-
تىن، بەلكى ئۆزىدە يوق ئارتۇقچىلىقلارنى ھازىرلىغان كىشىلەرنى ئۆزۈمدىن
ئېشىپ چۈشىدىغان كىشىلەر، ئۆز ئەتراپىمغا ئۇيۇشتۇرۇشقا، ئىنتىپاقلىشىشقا تې-
گىشلىك كىشىلەر دەپ قارىغان. كانېگى دەل ئەشۇنداق ئۆزىنى بېسىپ چۈشى-
دىغان ئىقتىدارلىق كىشىلەرنى ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇپ ئىشلەتكەچكە، بارلىق رىقا-
بەتچىلىرىنى بېسىپ چۈشەلەيدىغان پولات-تۆمۈر كارولى بولالىغان.

بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، باشقىلارنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇ-
رۇشقا ئايانغاندىلا، ئاندىن ئۆزىنى ھەقىقىي ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ،
بۇ — مۇۋەپپەقىيەتلىك رەھبەرلىك قىلغۇچىلار ئۈچۈن بىر ئورتاق پەلسە-
پىۋى قائىدە.

### 3. كونا قائىدە-يوسۇنلاردىن ھالقىپ تۇرۇپ پىكىر قىلىش لازىم

رەھبىرىي كادىرلار قانداق قىلغاندا رەھبەرلىك خىزمىتىدە تېخىمۇ ياخشى
ستراتېگىيىلىك پىكىر قىلالايدىغان بولىدۇ؟ بۇ — نۆۋەتتە رەھبىرىي كادىر-

لارنىڭ ئالدىغا قويۇلغان ئىنتايىن مۇھىم بىر مەسىلە.

1. «باربىتنى تەتۈر چېلىش». مەسىلە ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈش ئۇسۇلىنىڭ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان. بىرى، ئىشنى سەۋەبنى تەھلىل قىلىشتىن باشلاپ، لوگىكىلىق ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىش ئارقىلىق، تارقاق پىكىرلەرنى يىغىپ يەكۈن چىقىرىش، بۇنى بىز توغرا لىنىيىلىك تەپەككۇر قىلىش دەپ ئاتايمىز؛ يەنە بىرى، ئىشنى نەتىجىنى ئىنچىكە تەھلىل قىلىشتىن باشلاپ، ئەكس تەرەپتىن ئىسپاتلاش يولى بىلەن ئىزدىنىپ، يىغىنچاق پىكىرنى يېيىق پىكىرگە ئايلاندۇرۇپ، باشقىدىن بىر يول ئېچىش، بۇنى كونا قائىدە - يوسۇنلاردىن ھالقىپ تۇرۇپ پىكىر يۈرگۈزۈش دەپ ئاتايمىز. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋەزىيىتى ئاستىدا، كونا قائىدە - يوسۇنلاردىن ھالقىپ تۇرۇپ پىكىر يۈرگۈزۈشنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىش لازىم.

كونا قائىدە - يوسۇنلاردىن ھالقىپ تۇرۇپ پىكىر قىلىش ئۇسۇلى شەيئىلەرنى چوڭقۇر، ئىلمىي يوسۇندا چۈشىنىشكە، مەسىلىلەرنى ئەتراپلىق، سالماقلىق بىلەن كۆزىتىشكە پايدىلىق. جۇڭخۇا مىللىتى كونا قائىدە - يوسۇنلاردىن ھالقىپ تۇرۇپ پىكىر قىلىش ئەنئەنىسىگە ئىگە. ئۇلار بۇ خىل تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلىغا باربىت (پىپا) نى تەتۈر چېلىش دېگەن چىرايلىق ئاتنى قويغان. بۇ، ئىنسانىيەتكىلا خاس ئالاھىدە تەپەككۇر ئۇسۇلىنى مۇزىكىغىلا خاس چېلىش ئۇسۇلىغا ئوخشىتىپ قوللىنىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئومۇميۈزلۈك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىۋاتقان باھار شامىلىنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا، «باربىتنى تەتۈر چېلىش» تەپەككۇر ئۇسۇلى ئاساسىي قاتلاملاردىكى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىماقتا.

2. قەيسەرانە روھقا ئىگە بولۇش. ئىسلاھات دەۋرىدە، كونا قائىدە - يوسۇنلاردىن ھالقىپ تۇرۇپ پىكىر قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىش ناھايىتى مۇھىم. چۈنكى كونا سەنئەتكە ماس كېلىدىغان «توغرا لىنىيىلىك تەپەككۇر» تولا چاغلاردا ئېقىۋاتقان ئىش ئۇسۇللىرىنى ئاساس قىلىدۇ، كونا قائىدە - يوسۇنلاردىن ھالقىغان تەپەككۇرلار كىشىلەرنى ئەنئەنىلىك ئەندىزىدە ساقلانغان كونا ئىللەتلەرنى ئېچىپ تاشلاپ، ئىسلاھات يولىدا يېڭى قەدەم تاشلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. شۇنىمۇ ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، كونا قائىدە - يوسۇنلاردىن ھالقىپ تۇرۇپ پىكىر قىلىش يېڭى كۆز قاراشنىڭ مەيدانغا چىقىشىغا سەۋەب بولىدۇ. يېڭى كۆز قاراشنى ھەقىقىي يوسۇندا ئەمەلدە كۆرسىتىش

www.uyghurkitap.com

ئۈچۈن بولسا قەيسەرلىك بىلەن قاتتىق ئىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ. ئىسلاھات يولى ھەرگىز تۈز ۋە تەكشى بولمايدۇ. ئىسلاھات قىيىنچىلىق ۋە توسقۇنلۇقلارغا ئۇچراپ تۇرىدۇ، ئوڭۇشسىزلىقلارغا دۇچ كېلىدۇ، ھەتتا غايەت زور بەدەل تۆلەشكىمۇ توغرا كېلىدۇ. لېكىن ئىسلاھات ئېلىپ بارغاندىلا، ئاندىن نىجاتلىق بولىدۇ؛ ئىسلاھات ئېلىپ بارغاندىلا، ئاندىن گۈزەل، پارلاق تۇرمۇشقا ئىگە بولغىلى بولىدۇ. كونا قائىدە - يوسۇنلاردىن ھالقىپ تۇرۇپ پىكىر يۈرگۈزۈشنى قاتتىق ئىرىشچانلىق كۆرسىتىش بىلەن بىرلەشتۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم.

## 4. ئومۇملاشتۇرۇش ئىجاد قىلىشتۇر

ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئادەمنىڭ تەپەككۇر تەجرىبىسى ئەجدادلارنىڭ بىلىمىگە ۋارىسلىق قىلىشتىن كېلىدۇ. ئۆگىنىش، ۋارىسلىق قىلىش نەتىجىسىدە كىشىلەر ئەجدادلارنىڭ، ئەۋلادلارنىڭ تەجرىبە ۋە بىلىملىرىنى قوبۇل قىلىپ ئۆز مېڭىسىگە يىغىدۇ، ئۇ ئوبيېكتىپ دۇنيانى بىلىش جەريانى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ؛ ئۆزگەرتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش باسقۇچىدا ئەنئەنىۋى كۆز قاراشلار ئۆزگىرىپ بارىدۇ، يېڭى تونۇش ھاسىل بولىدۇ، ئىدىيە يېڭىلىنىدۇ، ئەمەلىي يۈكسىلىش كېلىپ چىقىدۇ، بۇ ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش جەريانى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. دېمەك، ۋارىسلىق قىلىش ئىجاد قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى، ئىجاد قىلىش بولسا ۋارىسلىق قىلىشنىڭ تەرەققىياتى. ۋارىسلىق قىلىش بىلەن ئىجاد قىلىشنىڭ ۋاسىتىچىسى ئومۇملاشتۇرۇشتۇر.

ئومۇملاشتۇرۇش ئىجادىيەتنى بەلگىلىك دەرىجىدە ئومۇمىي ئەھمىيەتكە ئىگە قىلىشنىڭ قانۇنىيىتى، ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئىجادىيەتنى ھەم تارىخىي ئېقىمغا ئۇيغۇنلاشتۇرىدۇ، ھەم دەۋر تۈسىگە ئىگە قىلىدۇ.

ياۋروپا ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ گۈللىنىش دەۋرىگە كىرىشتىن ئاۋۋال پەلسەپە، پەن - تېخنىكا بىرگەۋدە سۈپىتىدە مەۋجۇت ئىدى. دا ۋىنچىنىڭ ئۆزى پەيلاسوپ، ئالىم، تېخنىكا مۇتەخەسسىسى، سەنئەتكار ۋە بىناكارلىق ئۇستىسى ھېسابلىناتتى. ئۇ ھەر خىل كەسپىي بىلىملىرى ۋە تېخنىكا ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ، جاھاندا تەڭدىشى يوق «مونالىشا» سۈرىتىنى سىزدى. دا ۋىنچىنىڭ يورۇقلۇق ئىلمىي ساۋادى سۈرەتكە بولغان ستېرولۇق سېزىمىنى كۈچەيتتى؛ ئۇنىڭ گېئومېترىيە جەھەتتىكى ماھارىتى ئۇ سىزغان شەخسلەر سۈرىتىگە گۈزەللىك

بېغىشلىدى؛ ئۇنىڭ تەبىئەتشۇناسلىق تەتقىقاتى ئەسەرنىڭ چىقىشىغا كاپالەتلىك قىلدى؛ ئۇنىڭ ئاناتومىيە جەھەتتىكى بىلىمى ئەسەرنىڭ مۇۋاپىقلىق دەرىجىسىنى ئاشۇردى؛ ئۇنىڭ رەڭشۇناسلىق، بوياقچىلىق، جەمئىيەتشۇناسلىق ئىلمىي ساۋادى ۋە سەنئەت ماھارىتى ئەسەرنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنى ئاشۇردى. شۇنداق دېيىش مۇمكىنكى، «مونالىزا» سىزمىسى دا ۋىنچىنىڭ تۈرلۈك كەسپىي بىلىملىرىنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشى ئارقىسىدا مەيدانغا كەلگەن ئىلىم ۋە سەنئەت جەۋھىرى، شۇنداقلا ئومۇملاشتۇرۇش ئىجاد قىلىشتۇر دېگەن ئىلمىي ھۆكۈمنىڭ تىپىك مىسالى.

دەرۋەقە، پەننىڭ يۈكسەك دەرىجىدە ئايرىلىشى ئىنسانلارنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانى بىلىش ئىقتىدارىنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ھازىرقى ۋاقىتتا، ھەر قانداق بىلىملىك بىر كىشى پەقەت مەلۇم جەھەتتە، مەلۇم بىر ساھەدە مۇتەخەسسىسلىشىش، بىلىم ئەھلىگە ئايلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايدۇ، ئەمما ھەر قانچە قىلسىمۇ، ئىنسانىيەتنىڭ پۈتكۈل بىلىمىنى ئىگىلەپ بولالمايدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، ئىجاد قىلىشنىڭ، يېڭىلىق يارىتىشنىڭ يولى بىر كىشىنىڭ ھەر خىل بىلىملەرنى تەنھا ئىگىلەپ، ئۆز ئالدىغا ئومۇملاشتۇرۇشقا ئىنتىلىشىدىن يۆتكىلىپ بىر قانچە كىشىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كەسپىي بىلىمىگە تايىنىپ بىرلىكتە ئومۇملاشتۇرۇشقا مەركەزلەشتى.

ھازىرقى شارائىتتا، بىرەر تۈر بويىچە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش، بىرەر يېڭى مەھسۇلاتنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە مولازىمەت خىزمىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، كۆپ خىل پەن ـ تېخنىكىغا، تۈرلۈك ئىختىساسلىق كىشىلەرگە تايىنىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلماقتا. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، پەن ـ تېخنىكىنى ئىگىلىگەن تۈرلۈك ئىختىساسلىق كىشىلەرنى ئۈنۈملۈك، ئورگانىك ھالدا ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ پىلانلاش، تەڭشەش، ماسلاشتۇرۇش ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇش، تېخىمۇ زۆرۈر بولۇپ قالدى. باشقۇرۇش فونكسىيىسى دېگەن ئەنە شۇ. ئىلمىي باشقۇرۇش گويا جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ قوزغاتقۇچ ۋە ئىتتىرگۈچ ماشىنىسىغا ئوخشاش، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئۆزلۈكسىز ئالغا سۈرىدىغان غايەت زور تۈرتكىلىك كۈچكە ئايلاندى.

ھازىر، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىشى باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ كەسپلەر بويىچە ئايرىلىشىغا تۈرتكە بولماقـ

تا. باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە تۈرگە ئايرىلىشى نەتىجىسىدە، ھەر خىل باشقۇرۇش ئىشلىرىدا شۇ كەسىپ دائىرىسىدىكى ۋەزىپىلەرلا ئورۇنلىنىدىغان بولدى. بۇ بىۋاسىتە ئۈنۈم بەرمىگىنى بىلەن، رېئال ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. نەتىجىدە، ئىشلەپچىقىرىش سىستېمىسىدىكى ھەممە تارماقلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاش، باشقۇرۇش خىزمىتىگە بىر تۇتاش رەھبەرلىك، قوماندانلىق ۋە يېتەكچىلىك قىلىش، ھەتتا باشقۇرۇش خىزمىتىنى بىر تۇتاش تىزگىنلەش ئىشىنى ئاسانراق يولغا قويغىلى بولىدۇ. قىسقىسى، رەھبەرلىك خىزمىتى ئومۇملاشتۇرۇشتىن باشلىنىدۇ، رەھبەرلىك پائالىيىتىنىڭ ماھىيىتى ئومۇملاشتۇرۇشنى ئالغا سۈرۈشتىن، ئومۇملاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپى
تىل - ئەدەبىيات كافېدراسى)

## هۆرمەتلىك كىتابخانلار سەمىگە:

«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ئىچكى ژۇرنىلى — 1989 - يىلدىن باشلاپ پەسىلدە بىر سان، ھەر بىر سانى 48 بەت ئۆپچۆرىسىدە چىقىرىلىدىغان بولدى. 1990 - يىلىمۇ ھەر پەسىلدە بىر سان چىقىدۇ. بىر سانىنىڭ باھاسى 0.30 يۈەن، يىللىقى 1.20 يۈەن.

ئىچكى ژۇرنىلىمىز ئاشكارە تارقىتىلىدىغان ژۇرنىلىمىزنىڭ زۆرۈر تولۇقلانمىسى. ئۇنىڭدا شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي پەنلەر جەھەتتىكى يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرى، بولۇپمۇ شىنجاڭ تارىخى، ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى، دىن تارىخى ۋە ئارخېئولوگىيىگە دائىر ئىلمىي ماقالىلەر شۇنداقلا 1 - قول يازما يادىكارلىقلار، يازما يادىكارلىقلار ھەققىدىكى تەتقىقات ماقالىلىرى ئېلان قىلىنىدۇ.

ئىچكى ژۇرنىلىمىزغا مۇشتەرى بولغۇچىلار تەھرىر بۆلۈمىمىزگە بىۋاستە پۇل پېرېۋوت قىلسا بولىدۇ، پۇل تاپشۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىن ھۆججەتنى ئەۋەتىپ بېرىلىدۇ، ژۇرنال چىققان ھامان، ئۇدۇللۇق ئەۋەتىلىدۇ. پۇل ئەۋەتكەن پېرېۋوت چېكىنىڭ ھۆججىتىنى ساقلىسىڭىزلا، مۇشتەرى بولۇش ھۆججىتى ياكى ژۇرنال تەگمىسە، ئۇلارنى سۈرۈشتۈرۈپ ئالالايسىز.

«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» تەھرىر بۆلۈمى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى بېيجىڭ كوچىسى ئىجتىمائىي پەنلەر
ئاكادېمىيىسى (پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 830011)
تېلېفون نومۇرى: 37937

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق
قەرەللىك ژۇرناللارنى تىزىملاش نومۇرى: 703